ئابدۇللا ئەلى بەگزاد



# نۇر ۋە سايە

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئابدۇللا ئەلى بەگزاد

# نۇر ۋە سايە

( شېئىرلار )



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: **كامىلە راخمان**
**زەرىپە ئوسمان**
مەسئۇل كوررېكتورى: **ئىبادەت ياسىن**
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غالىب شاھ**

# نۇر ۋە سايە

(شېئىرلار)

ئاپتورى: **ئابدۇللا ئېلى بەگزاد**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى دالۇ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 5
2014 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2014 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 – 7 – 5515 – 4326 – 2
سانى: 2000 – 1
باھاسى: 15.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# بەگزادنىڭ شېئىرىيەت دۇنياسى

## ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن

تەڭرىتېغىنىڭ ئىككى يېقىدا سوزۇلۇپ ياتقان بۇ سۆيۈملۈك ئانا دىيارىمىزنىڭ چەت - ياقىلىرىدىكى قەدىمىي، خىلۋەت مەھەللىلەردە تىنماي قەلەم تەۋرىتىۋاتقان، شېئىرلىرىنىڭ سالمىقى كىشىنىڭ قايىللىقىنى قوزغايدىغان، ئۆز مىسرالىرىدا ئۆزگىچە خاس ئىجادىي پەللە ياراتقان، ئەمما شېئىرلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىش نىسبىتى بەك يۇقىرى بولماسلىق سەۋەبىدىن تونۇلۇش پۇرسىتى ئاز بولغان بىر تالاي شائىرلىرىمىز بار. شۇ سەۋەبلىك ئۇلار مەتبۇئاتلاردا كۆزگە ئاز چېلىقىدۇ، تەتقىقاتچىلارنىڭ يازمىلىرىدا ئېتى ئانچە تىلغا ئېلىنىپ كەتمەيدۇ. ئابدۇللا ئېلى بەگزاد ئەنە شۇنداق شائىرلارنىڭ بىرى.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى سەمىمىي رەۋىشتە ئازاب تۇيغۇسىنى نامايان قىلىدۇ. شائىر ھايات مۇساپىسىدە چېلىقتۇرغان رەزىللىك، نامەردلىك، ساختىلىق تۈپەيلى مۇزلىغان كۆڭلىنى ئۆز مىسرالىرىغا قاقلايدۇ. شۇ ئارقىلىق ھاياتتىكى چىركىنلىكلەرگە بولغان ئازاب تۇيغۇسىنى بۇلدۇقلىتىدۇ. مانا بۇ ھەممە شائىرلاردا بولىدىغان، بولۇپمۇ قەلبى تۇيغۇن، ھېسسى ئويغاق قەلەم

ساھىبلىرىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان روھىي ھالەت. شائىر ئۆز كۆڭلىدە ھاياتتىكى بارلىق گۈزەللىكلەرگە مەپتۇن بولۇپ ئۆتكەچكە، شۇنداقلا بۇ مەپتۇنلۇق تۇيغۇلىرى قەلبىگە ئورنىغان ئاشىقلىقنىڭ تىنماي تاتىلىشى نەتىجىسىدە، نېمىدىندۇر بىئارام بولىدۇ، نېمىدىندۇر بىزار بولىدۇ، نېمىلەرنىدۇر ئارزۇ قىلىدۇ... مۇشۇنداق روھىي جەريانلار شائىر قەلبىگە جۇغلىنىپ، مەلۇم نىسبەتتە تىنغان چاغدا، بۇ ئازابلار ئۇنىڭ قەلىمى ئارقىلىق تۆكۈلىدۇ ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇپ، ئۇلار ھېس قىلىپ ئۈلگۈرەلمىگەن، ھېس قىلسىمۇ بۇ قەدەر ئىنچىكە تەسۋىرلەپ بولالمىغان بىر ئالەمنى بايقايدۇ.

شائىر ئابدۇللا ئېلى بەگزادىنىڭ شېئىرلىرىدا مارىلاپ ياتقان ئازاب تۇيغۇلىرىنىڭ چېچىندىسى مەلۇم جەھەتتىن كىشىنى شائىر بىلەن تەڭ ھايات ھەقىقەتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ.

ھېس قىلىشىچە، شائىر ئىپادىلەش ماھارىتى جەھەتتە ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت بىلەن يېڭىچە شېئىرىيەتنىڭ ئىلغار تېپىندىلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن بىرلەشتۈرگەن. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتى دۇنياسىغا چەت ئەل شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا ئىجاد ئېتىلگەن زامانىۋى شېئىرلار كىرىپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ شېئىرلاردىكى ئۆزگىچە ئىپادىلەش ماھارىتى بىزنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرلىرىمىزدىكى قېلىپلىشىپ قالغان بىر قىسىم ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلىمىزغا جەڭ ئېلان قىلدى. نەتىجىدە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىر قېتىملىق تېرە تاشلاش دەۋرىنى

باشتىن كەچۈردى. شۇنىڭ بىلەن شېئىرىيىتىمىزنىڭ ھەم زامانىۋىلىقىغىمۇ، ھەم مىللىيلىكىگىمۇ سەل قارالمىغان بىر دەۋرى بارلىققا كەلدى. بۇنداق شېئىرلار ۋاقتى كەلگەندە خەلقىمىزگىمۇ ياقىدىغان، باشقا مىللەتلەرگىمۇ كۆرسەتكىلى بولىدىغان بىر تەرزدە تەرەققىيات يۈنىلىشىگە قاراپ ئىزىغا چۈشتى.

گەرچە ئابدۇللا ئېلى بەگزادىنىڭ شېئىرلىرىدا ئەنئەنىۋى ئامىللار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا سىڭگەن زامانىۋى تەركىبلەر شائىر شېئىرلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە مەپتۇنلۇققا ئىگە قىلىش رولىنى ئوينىغان.

شائىر يەنە تەبىئىيلىكنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن تىل جۇغلانمىسى ئارقىلىق ئۆز دىيالوگلىرىنى ئۇنۇملۇك ئىپادە قىلالىغان. تەبىئىي شېئىرلىرى بىزنى ھەقىقەتەن سۆيۈندۈردى. قارايدىغان بولساق، بىر قىسىم شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى تەكرار ئوقۇپمۇ ھۇزۇرلانغىلى، ئۇنىڭ بەدىئىي مۇددىئاسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئاسانلىقچە ئۇققىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنداق شېئىرلار ئۇيغۇرچە يېزىلغاندەك قىلغان بىلەن، لېكىن تۈزگەن جۈملىلىرىنىڭ زىيادە ئاستىن - ئۈستۈنلۈكى، سۆز ئوينىتىشلىرىنىڭ بىھۇدە، ئورۇنسىز ۋە چېگىچلىكى بىلەن كىشىنىڭ ۋاقتىنى ئېلىشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا، بۈگۈنكى كۈندە يېڭىلىق بىلەن ئەنئەنە بىرلەشتۈرۈلگەن شېئىرلار ئالقىشقا ئېرىشمەكتە. ئابدۇللا ئېلى بەگزادىنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىدىن خىلۋەتتىكى بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈكلۈكنى، تاغ ھاۋاسىدەك ئازادىلىكنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

گەرچە ئابدۇللا ئېلى بەگزاد شېئىرىيەتتە ئۆزىنى ئۇزۇكسىز مۇكەممەللەشتۇرۇش ۋە ئۆزىنى ئۇزۇكسىز يېڭىش يولىدا داۋاملىق ئىزدىنىۋاتقان ياش بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەلەم تەۋرىتىشتىكى بەدىئىي مۇددىئاسى پاكىز، ساپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن بىزنى يەنىلا سۆيۈندۈردى.



# مۇندەرىجە

سۆيگۈ بىلەن گۈزەل كائىنات ........................ 1
سەرەڭگەڭنى بېرىپ تۇر، قىزچاق ........................ 3
دۆڭكۆۋرۈك ........................ 4
دۇنيا دېگەن تۇل ئايال ........................ 6
ياپراق چۈشى ........................ 7
ھايات دېگەن ئەنە شۇنداق تېپىشماق ........................ 8
ئەرلەرنىڭ ۋەتىنى ........................ 10
سەھەردىكى دىيالوگ ........................ 12
مۇھەببەت ئارىلى ........................ 14
مۇھەببەتتىن كۈلەر كائىنات ........................ 15
يەر شارىدا بېلىق تۇتۇش ........................ 17
بىر قىزغا ........................ 19
دېكابىردىكى ئۇچرىشىش ........................ 21
شائىر ........................ 22
مۇئەللىم ........................ 23
چۈش كۆرمەكتە مۇقەددەس زېمىن ........................ 25
يېشىللىق چىللايدۇ مېنى ئىلھامغا ........................ 26
ئەمدى ھاراق ئىچمەيمەن ........................ 28
دىلبەر ........................ 30
شەھەرىستان ........................ 31
يېرىم دۇنيا لىرىكىسى ........................ 33

ئەينەك ........................................ 34
فېۋرالدىكى پىچىرلاش ........................ 35
چاقىرىدۇ قوي كۆزلۈك ۋەتەن ................ 36
كۈتەرسەنمۇ مېنى ئۇخلىماي .................. 39
يېڭى يىلنىڭ هارپا ئاخشىمى ................ 40
دۆڭكۆۋرۈكتە پۈرايدۇ قەشقەر ................ 42
جەننەت ئىشىكى ئالدىدا ....................... 43
هايات پەلسەپىسى .............................. 44
ئەلۋىدا، شائىر .................................. 46
ئەسلىدە بىر سېنى سۆيگەنىكەنمەن ........ 49
باقتىم ............................................ 50
سۆيۈش ئۈچۈن سۆيۈلۈش ...................... 51
مۇھەببەتسىز ئۆتكەن قىش ................... 52
روھ يىلتىزى .................................... 53
شەھەردىكى غېرىبلىق ......................... 54
باهاردىكى پىچىرلاش .......................... 56
كونا قەلئە ....................................... 57
كىرپىكىڭگە قونمىسۇن شەبنەم .............. 59
ساداقەتنىڭ بىر چېتى .......................... 61
رېئاللىقتىكى مەن .............................. 62
ئۇيغۇر يېزىقى ................................... 64
يۈرەك سېنى سورايدۇ دائىم ................. 66
يامغۇردىكى مونولوگ ........................... 67
ئورمانلىقتا كىرىپ باققۇم بار ............... 68
ئايال ............................................. 70
مۇھەببەتتىن چاقنار ئىكەن بۇ دۇنيا ....... 71
جىمجىتلىق رىسالىسى .......................... 72

نۇر ۋە سايە ............ 73
بوۋامنىڭ سورىغانلىرى ............ 75
بۇگۈن ھېچكىم ئىشكىمنى چەكمىدى ............ 76
ئوغلۇمغا خىتاب ............ 78
ئېتىقاد ............ 80
C رايون ............ 81
قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز لىرىكىسى ............ 83
ھەر تاڭدا ئاشىقلار تۇغار كېلەچەك ............ 85
نورۇز سالىمى ............ 86
ئوغلۇمغا ............ 87
ئون ئۈچىنچى ئىيۇن خاتىرىسىگە ............ 89
ئۆزۈمگە يېزىلغان خەت ............ 91
فېۋرالدىكى مەن ............ 93
تەزكىرە ............ 94
سۆيسەڭ ئەگەر ............ 96
ساۋاقداشلار خاتىرىسىگە ............ 97
ياش ۋە كۆلكە ............ 98
ئايدىڭدىكى غېرىبلىق ............ 100
قەلب سوۋغىسى ............ 101
پارىلدايدۇ كۆزلىرىمدە مىڭ قۇياش ............ 102
ئاداۋەتنىڭ بىر يۈزى ............ 103
جاۋاب خەت ............ 104
سۆيگۈ مەكتۇپى ............ 105
ئىدىيە ............ 106
سۆيدۈرەرسەنمۇ ............ 107
ئىيۇندىكى سېغىنىش ............ 109
ياشلىق ............ 110

پىنھاندىكى سۆيگۈ ........................ 111
ھايات ــ مەڭگۈ قەلبىمىزدە ھاياتتۇر ........... 112
ئۇتتۇز سەككىز يېشىمدا ..................... 114
تەنھا سۆيگۈ ............................. 116
دادام كەتتى .............................. 118
ھاياتلىق ناخشىسى ........................ 120
ئەسلىدە ھايات دېگەن بىر گۈل ئىكەن ......... 122
ھايات دېگەن بىر دېڭىز ئىكەن ............... 123
سۇرتۇۋەتكىن دەردلىك يېشىڭنى ............... 125
يامغۇر بولۇپ تامچىلىسام گەر ............... 126
ئۇۋىنىڭ پىغانى ........................... 127
مەن، سەن ................................ 129
ئىشىكىم ئالدىدا تۇرار ئەتىرگۈل ............. 131
دېرىزەڭنى چېكىپ باققۇم بار ................. 132
مۇڭلانما يۈرىكىم .......................... 134
كەل ئامرىقىم، بېرى كەل تېزرەك .............. 135
ئىشىكىڭدىن سىرتقا چىقىپ باق ............... 136
قۇياش قەسىدىسى ........................... 138
مۇھەببەتتىن كېچەلمىدىم ھېچ ................ 140
مەن سۆيەي سېنى شۇندا جېنىم بىلەن ........... 141
ئايالىمنىڭ ئۇتتۇز سەككىز يېشىغا ............ 143
پوشكىنغا خەت ............................ 144
شېئىرلىرىمغا ئىنىقلىما ..................... 146
بۈگۈن كېچە سېنى سېغىندىم .................. 148

# سۆيگۈ بىلەن گۈزەل كائىنات

سۆيگۈ دېگەن پارلىغان قۇياش،
زۇلمەتلەرگە يورۇق نۇر چاچقان.
ئورمانلىقتا دانكوغا ئوخشاش
ئاداشقانغا يېڭى يول ئاچقان.

سۆيگۈ دېگەن بىر پىيالە سۇ،
سەيياھلارغا ھاياتلىق بەرگەن.
باھاردىكى بىر دەستە گۈل ئۇ،
جانان ئۈچۈن ئاشىقى تەرگەن.

سۆيگۈ دېگەن شىپالىق يېغىن،
ئالۋۇنلارغا سىم ـ سىم قۇيۇلغان؛
جىرادىكى سۇپسۇزۇك ئېقىن،
قورام تاشقا شىددەت ئۇرۇلغان.

سۆيگۈ دېگەن بىپايان دېڭىز،
قىرغاقلىرى كېمىگە تولغان؛
تۇتاش كەتكەن ئالتۇن رەڭ ئېڭىز،
باشاقلىرى پارقىراپ تۇرغان.

سۆيگۈ دېگەن ئېتىلغان ساداق،
مەنزىلىگە ۋىژىلداپ ئۇچقان؛

دەشت ـ چۆلدە قۇشلارغا قونداق،
پەيلىرىگە كۆچ ـ مادار قوشقان.

سۆيگۈ دېگەن ھاياتقا رەققاس،
قەدەملەرنى قىلىدۇ ئاۋات.
سۆيگۈ دېگەن بارچىغا تەققاس،
سۆيگۈ بىلەن گۈزەل كائىنات.

2008 ـ يىلى ئىيۇن، ئۈرۈمچى ئېقىندالا



## سەرەڭگەڭنى بېرىپ تۇر، قىزچاق

خىياللارغا قىلدى مۇپتىلا
دېكابىرنىڭ سوغۇق قولىرى.
شوخ كۆلكەڭدەك بىلىندى بەكلا
مەھەللىمىزنىڭ تونۇش يوللىرى.

سەرەڭگەڭنى بېرىپ تۇر، قىزچاق،
يالقۇنۇڭنىڭ ۋەسلىگە يېتەي.
ئاندېرسېنىنىڭ چۆچەكلىرىدەك
قانات ياساپ تىللارغا كۆچەي.

قالار بىزدىن تاتلىق ئەسلىمە،
رىۋايەتكە كەتسەك ئايلىنىپ.
ساداقەتنىڭ دوقمۇشلىرىدا
ئەسلىنەرمىز هامان يادلىنىپ.

2005 ـ يىلى 23 ـ دېكابىر، ئونسۇ

# دۆڭكۆۋرۈك

كەلدىم يەنە ماي ئېيىنىڭ بىرىدە،
كۈلۈپ تۇرغان جامالىڭنى كۆرەي دەپ.
تاش مۇنارغا چىرماشقان بۇ شەھەردە
قايناق بازار شادلىقىنى سۈرەي دەپ.

جان ئانامنىڭ باغرىدەك گۈل قوينۇڭدا،
ھايات شۇنچە رەڭدار ئىكەن ھېلىمۇ.
خىيالىمدا ئەنقەرە ۋە ئىستانبۇل،
قېلىشمايسەن، ساناپ چىقتىم سېنىمۇ.

چىللاپ تۇرار ئەركەكلىكىڭ خورىزى،
قۇت تۆكىدۇ جاسارەتنىڭ ھىممىتى.
خانىم ـ قىزلار پەرىشتىدەك سۆيۈملۈك،
ئىپارخاندەك بالقىپ تۇرار ئىپپىتى.

مەززە قىلىپ يېدىم سەندە قانغۇچە
ئانا يۇرتنىڭ سۈتلۈك كاكچا نېنىنى.
يالپۇز سېتىپ ئولتۇرۇشقان قىزلاردىن
پۇرىۋالدىم مەھەللەمنىڭ ھىدىنى.

ئالۋۇنلارغا يەم بولمىدىم قىلچىمۇ
سېنىڭ بىلەن ياشاپ ئۆتكەن كۈنلەردە.

كۆز تەگمىسۇن، تىلەي توغراق يىشىنى،
يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇرغىن تۈنلەردە.

2009 ـ يىلى 14 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى ئىچىدىلا



# دۇنيا دېگەن تۇل ئايال

دۇنيا دېگەن تۇل ئايال
يىغلىتىدۇ بالىسىنى ھەر كۈنى،
ئادەملەر
ۋاقىت قىسىلچاقلىرى ئارا
تاپالمايدۇ ئۆزىنى.

بىشەم ئايال بۇگۈنمۇ
بەردى بالىسىغا
بىر تال ناننى دوق قىلىپ.
يېتىلگىنىچە قاراڭغۇ تۈننى
كىرىپ كەلدى بەڭباش بالا مىشىلداپ
ئانىسىنىڭ دۇنياسىنى يوق قىلىپ.

2002 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇن، ئۇنسۇ

# ياپراق چۈشى

دىلخانەمگە كىرىپ كەلدىڭ يۈلتۈزدەك،
جىگدە ھىدى پۇراپ تۇرغان ئاخشامدا.
كۆيچى قۇشتەك زىكىر قىلدىم ئىسمىڭنى،
داستانلارغا چاچقۇ بولدۇڭ ناخشامدا.

جۇپ يۈرەكتىن كۆكلەپ چىقتى ساداقەت،
تېۋىنىشتا ئۆتتى كۈنلەر ساناقسىز.
گۈلشەنلەردە چېچەك ئاچقان رەيھانلار
تۈيۈلغانتى سەن بولمىساڭ پۇراقسىز.

كۆز تەگدىمۇ، ئۈششۈك چۈشتى يۈرەككە،
خاراب قىلدى جۇدالىقنىڭ يارىسى.
ئۇدۇم ئالغاچ ئادەم بىلەن ھاۋادىن،
قالغانىكەن مۇھەببەتنىڭ چالىسى.

مۇڭغا چۆمگەن ماڭا تونۇش دوقمۇشلار،
بىر ھەسرەت بار ياپراقلارنىڭ كۆزىدە.
قايتۇ بىزدىن خىرەلەشكەن ئەسلىمە،
خىلۋەتتىكى جىمجىت كۆلنىڭ يۈزىدە.

2006 ـ يىلى 4 ـ يانۋار، ئۈنسۇ

# ھايات دېگەن ئەنە شۇنداق تېپىشماق

تۇغۇم نېمە، ئۆلۈم نېمە، ھاياتتا،
ئاچچىق قىسمەت تۇرار بىزنى سوراقلاپ.
ئالتە كۈنلۈك قونالغۇدا ئادەملەر،
ئۇزار ئىكەن ئاستا - ئاستا يىراقلاپ.

بۇلبۇللارنىڭ سايرىغىنى كۈي ئەمەس،
ھەر ئۇنلىرى مۇھەببەتكە تولمىسا.
ئەر ئەمەستۇر ئۇچرىغىنى رەتمۇرەت،
ئەل ئىشقىدا قايناق بۇلاق بولمىسا.

سالغا تېشى ئېتىلىدۇ ھەر ياققا،
كىمگە نېسىپ بولغان ئالدىن بىلىشكە.
ئازاب دېگەن تازىلايدۇ قانلارنى،
بەك ئالدىراپ كەتمىگۈلۈك كۈلۈشكە.

ھەر كۈن سەھەر قۇياش چىقسا ۋىلىقلاپ،
ئۈمىدلەرنى ھاپاشلايمەن چوغ بولۇپ.
كۆنۈپ قالدىم يېڭىلىشكە، يېڭىشكە،
شەيتانلارغا قول بەرمىدىم ئاھ ئۇرۇپ.

ئاتلاپ ئۆتتۇم ئوتتۇز ئالتە قىرلاردىن،
چاپچىپ تۇرار ئاساۋ ئېتىم ھېلىمۇ.

تەكلىماكان غەيۇرلۇقتا بۆشۈكتۇر،
مەدەت ماڭا بوۋاملارنىڭ ئىزنمۇ.

بىراۋ دېسە: «قېنى سادىر، نۇزۇگۇڭ؟»
كۆلۈپ قويدۇم ئىستىھزادا بىر نەپەس.
باغاشلايمەن ئۆز ـ ئۆزۈمنى بىر ئۆمۈر،
يېلىنجايدۇ يۈرىكىمدە ئوت ـ ھەۋەس.

ئۈچ مۇچەلدە چىراي ئاچتى قىرانلىق،
ئىچىۋالدىم لىقلاپ ئىخلاس ـ ئىماندىن.
بەش ئوغلىنى سۆيۈپ قويدۇم سادىرنىڭ،
گەرچە كۆزلەر يۇمۇلسىمۇ تۇماندىن.

سەيياھ دېگەن ئاشىق ھامان سەپەرگە،
ئالغۇنلارغا يەم بولغىنى مەن ئەمەس.
ھەق يولىدا ئاداشمايمەن نىشاندىن،
كىم ئېيتىدۇ «كارۋانلىرىڭ مەست ـ ئەلەس.»

قانداق كەلسەك، شۇنداق كېتىپ قالىمىز،
ھايات دېگەن ئەنە شۇنداق تېپىشماق.
ياشاش خۇددى جەڭگاھقىلا ئوخشايدۇ،
گاھى تىنچىپ، گاھى كەسكىن ئېتىشماق.

مەيلى ياشاپ ئۆتەي يەنە قانچىلىك،
ئۆزىماسمەن غەپلەتلەرگە چىلىنىپ.
بىر سىقىم دان چېچىپ قويار قەبرەمگە،
بەلكىم ئەۋرەم پاك روھىمنى سېغىنىپ.

2010 ـ يىلى 10 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى

# ئەرلەرنىڭ ۋەتىنى

قۇشلارنىڭ پەرۋازى كۆككە تالىقتۇر
بېلىقنىڭ شۇڭغۇشى چوڭقۇرلۇق ئارا،
كۈچ تاپقان ساداقىنىڭ ھىممىتى بىلەن
ئوقيانىڭ ۋىژىلداپ ئۇچۇشى ئەسلا.
نۇزۇكلار قان تۆككەن قەدىم يوللاردا
ئەركەكلىك خورىزى چىللايدۇ ئۈنلۈك،
ئاياللار كۆزىدە يورۇيدۇ دۇنيا.

ئايالدىن تۆكۈلەر تارىخنىڭ ھىدى
ئايالدىن سۈت ئەمگەن ئوغۇز يۈرىكى.
كىروران گۈزىلى ئەللىيى بىلەن
تەۋرىتىپ تۇرىدۇ تەكلىماكاننى.
ئىپارخان سۈتتەك پاك ئىپپىتى بىلەن
ھاياتقا ئۈندەيدۇ
مىڭ يىللاپ ياشاپ كەلگەن توغراقلارنى.

ئايالار تۇغۇمى ھاياتقا رەققاس
كۈرەشچان يىللارغا قۇچاق ئاچىدۇ،
تومۇرغا باشلايدۇ ئەركەكلىك قېنى.
مۇھەببەت تەپتىدىن ئىللىيدۇ دۇنيا
كۆڭۈللەر ياشىرىپ كۈلىدۇ تاتلىق،

سۆيگۈدىن نۇر ئېمىپ تاپىدۇ دەرمان
چۆللەردە چاڭقىغان سەييياھلار تېنى.

ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئەزىز ۋەتىنى،
ئۇ بىرلە قۇرۇلار دۇنيانىڭ ئۇلى،
ئۇ بىرلە چاقنايدۇ ھىدايەت يولى.

2009 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى ئېقىندالا



## سەھەردىكى دىيالوگ

زەڭگەر دېڭىز چاراقلاپ
چوققىلاردا كۆيمەكتە
قۇياش ھەر كۈن ۋىلىقلاپ
مېھىر بىلەن سۆيمەكتە
تاغ باغرىدا بىر يۈرەك
ئۆتمۈشلەرنى ۋاراقلاپ
خىيال ئىچرە يۈرمەكتە

ئۆتۈپ كەتتى چىغىر يول
«ئەسسالام» دەپ ياندىشىپ
شېئىر يېزىش ئەزەلدىن
سۆيۈملۈكتۇر يەنىلا
مىسرالىرىم كېلىڭلار
كۆرۈشەيلى يىغلىشىپ

سۈنئىي كۆلنىڭ بويىدا
بۇلبۇل، كاككۇك، تورغايلار
ئۆز تىلىدا سايرايدۇ
ۋىچىرلاپ بەر ئاق قۇشقاچ
دۇتار بىلەن مۇقامغا
شۇندا كۆڭۈل يايرايدۇ

مۇقام كۈيى ناندەكلا
بوۋامغا بەك يارايدۇ

كەل فىتوفى، يۈزمۇيۈز
مۇشائىرە ئوقۇپ باق
شىۋىرلىشى چۆپلەرنىڭ
مۇھەببەتمۇ، نەپرەتمۇ
يۈرىكىڭنى تۇتۇپ باق

ئويناق ئەركە شاماللار
بىر خېتىم بار، ئېلىپ كەت
جەنۇبتىكى ئورمانغا
قېرى جىگدە دەرىخى
ئوقۇۋالسۇن ھەجىلەپ
چۆچەكلەردىن لىپمۇلىق
قاچىلىدىم خالتامغا
ياش تۆكمىسۇن توغراقلار
سېنتەبىرنىڭ بىر كۈنى
يوقلاپ باراي پەتىلەپ

ھەي، چۆللەردە يۇلغۇنلار
چۇشۇپ كەتمە خورەككە
قىزىق - قىزىق جەڭنامە
رۇستەملەرنىڭ يۈرۈشى
ئۇيۇپ كەتسۇن يۈرەككە

2008 - يىلى 12 - ئىيۇن، ئۈرۈمچى ئېقىندالا

# مۇھەببەت ئارىلى

زەمزەم بولۇپ قۇيۇلدۇڭ ئاستا
قاغجىرىغان روھىم چۆلىگە.
پەرۋىشىڭدىن ياشارغاچ قەلبىم،
تولدى رەڭدار سۆيگۈ گۈلىگە.

ئۈمىدلەرنى يۇردۇڭ ھاپاشلاپ،
ياش تۆكمىدىڭ جۇتلاردىن زىنھار.
ساداقەتتىن پۈتۈپ، ئايتۇرسۇن،
ئېسىپ قويدۇڭ قۇياشقا تۇمار.

2005 ـ يىلى 21 ـ دېكابىر، ئونسۇ



# مۇھەببەتتىن كۈلەر كائىنات

(مۇۋەششەھ)

ئالەم خۇددى مۇھەببەتكە سەيلىگاھ
سۆيگۈ بىلەن ياشاپ كەلگەن ئەزەلدىن.
ئۈمىدلىنىپ ئىللىپ قالار كۆڭۈللەر
سۆيگۈ ئۈچۈن توقۇلغان ھەر غەزەلدىن.

ماگمىلارغا ئاشىق بولغاچ جەزىرە،
يانارتاغلار ۋۇلقان چاچار بەھەيۋەت.
ئېيتىپ بېرەر دەريالارنىڭ ئۆركىشى
بېلىقلارنىڭ ئوردىسىدىن رىۋايەت.

ئايدالادا شىۋىرلايدۇ چىمەنلەر،
بەلكىم ئۇلار سېغىنىدۇ يارىنى.
بۇلبۇللارمۇ ئۈنلىشىدۇ تاڭغىچە،
قىزىلگۈلنىڭ چېكىپ يۈرەك تارىنى.

ناۋاسىغا ھەمجور بولۇپ قۇشلارنىڭ
چۈشەر ئىكەن مەجنۇنتاللار ئۇسسۇلغا.
مۇھەببەتنىڭ پەرۋىشىدۇر ساداقەت،
ساداقەتتىن يېتەر ھەممە ھوسۇلغا.

گۈل ئۈنىدۇ پاك ئەقىدە ئىزىدىن،
داستان بولۇپ پۈتۈلىدۇ بەتلەرگە.
چىن مۇھەببەت ئېچىلىدۇ پورەكلەپ،
خۇشبۇيى ھىدى تاراپ يىراق ـ چەتلەرگە.

ئۆلۈم يەتسە نە ھاجەتتۇر تېپىرلاش
سۆيگۈ بىلەن چاقناپ ئۆتكەن ھاياتقا.
ئاشىقنىڭ كىرپىكلىرى نەمدەلسە،
قالار ئەمما ئۇ دۇنيادا ئۇياتقا.

لەيلى ئۇچۇن مەجنۇن كېرەك، تۈزدەكلا
ھالال جۇپكە موھتاج بارچە مەۋجۇدات.
ئۇدۇم قالغان ئادەم بىلەن ھاۋادىن،
مۇھەببەتتىن كۈلەر تاتلىق كائىنات

2009 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى ئېقىندالا



# يەر شارىدا بىلىق تۇتۇش

ئولتۇرىمەن دېڭىز بويىدا
قارماق دەستى قولۇمدا
كۆپچۈۋاتقان سۇدا
سانسىز لەيلىگۈچلەر تۇرار لىپىلداپ
چىشلەپ قالسا ناۋادا
ئازغۇن بىلىق، گول بىلىق
ھۆسنى تولغان گۈل بىلىق
يەنە قانداقتۇر بىلىق
ئۈنتۈلۈپلا ھەممىنى
يۈرەك ئوينار گۈپۈلدەپ

يالىڭاچلانغان ئىدىيە، چىرىگەن تەن
ھوقۇق، بايلىق، يادرو ئەخلەتلىرى
نۆۋەت بىلەن تاشلىنىپ تۇرىدۇ
پىرىسلانغان، توقۇلغان بىلىقدانغا
شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن
كەمەك ھەييار دەك رەڭۋازلىق
كىرىپ كېتىدۇ ئۇدۇللا قانغا
ئۇشقىرتىپ بوران
پاتىدۇ جانغا

ئېچىرقىغان چايكىلار
توگىتىپ قويىدى
بالىلىقنى، ياشلىقىمنى يەپ
شام تو‌ۋىدە ھەمىگۋاي
تارىخنىڭ ئالتۇن بەتلىرىگە
ئاستا يازماقتا
«بوۋاي ۋە دېڭىز» دەپ

2005 ـ يىلى 19 ـ ماي، ئونسۇ



# بىر قىزغا

ئاپتوبۇستا تارتىنىپ ئاستا
قىيا باققان ماڭا تۇنجى رەت.
يېنىككىنە سالىمىڭ شۇ چاغ
چىللاپ كىرگەن قەلبىمگە ھۆرمەت.

كاككۇكلاردەك ئۇنلەشلىرىڭدىن
تەسكىن تاپقان مەندىكى ئازاب.
چاقچاقلىرىڭ تۇزدەك تېتىملىق،
تەنھالىقىم قالاتتى ئۇزاپ.

قاتارلىشىپ ماڭاتتۇق كۇندە،
ئاپپاق چېچەك تۆكۇلگەن يولدا.
تىلىمىزدا ھايات تەلقىنى،
ئوت تىلەكلەر ياناتتى دىلدا.

بوپتۇ بۇگۇن تۇغۇلغان كۇنۇڭ،
كۇلۇپ باقتىڭ ئوتلۇق ھەۋەستە.
چوڭ سوۋغاتلار بېرەلمىسەممۇ،
مىسرالاردىن تىزدىم گۇلدەستە.

پات ئارىدا قالساق خوشلىشىپ،
بەخت تىلەي ساڭا تائەبەد.

يۈرىكىمدە ئىسمىڭ ئويۇقلۇق،
ئۇنتۇمايمەن سېنى، گۈلجەننەت.

2008 ـ يىلى 20 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى ئېقىندالا



# دېكابىردىكى ئۇچرىشىش

سۆيۈۋالدىم ئايپاق قارنىڭ مەڭزىگە
قىسمىتىمنى ئۇخلىتىپ قويۇپ،
سىرغىپ چىققان بىر تامچە قان
ئورناپ قالدى كۆزۈمدە.

چىنتۆمۈرنىڭ كاپ ـ كاپ كۈچۈكى
باشلاپ كىردى شېئىرلىرىمنى
قۇچاقلاشتۇق يۇم ـ يۇم يىغلىشىپ،
بوسۇغىدا تەبەسسۇم بىلەن
جىلۋە قىلىپ مەختۇمسۇلا
سۇندى ئاستا سايرام كۆلىنى.

سائەت ئون بىر بولغاندا
ئۇخلاپتىمەن قول يازمامنىڭ ئۈستىدە،
بەدەنلىرىمگە يېزىلغان تارىخ
قونۇۋېلىپ دەرەخ شېخىغا
توۋلىغۇدەك «تۇرا قوشىقى».

مەختۇمسۇلا، بېرى كەل جېنىم،
ئۇخلىتايلى دۇنيانى بىرپەس.

2006 ـ يىلى 18 ـ دېكابىر، ئونسۇ

# شائىر

شائىر
ئۈمىدلەرنىڭ رېئاللىقىدا
زاھىت كەبى يۈرگەن كۆچمەن روھ
يېزىپ چىقار كەچمىشلىرىنى
قانلىرىغا چىلاپ ئازابنىڭ.
يارىتىدۇ ئۆزىنى تەكرار
ئوتلىرىدا كۆيۈپ دوزاخنىڭ.
تىزىق قىلىپ مىسرالىرىنى
ئېسىپ قويار قۇياش بويىنىغا.
چوغ رەڭگىدە ئېرىگەن يۈرەك
يۈلتۇزلارغا كېتەر ئايلىنىپ
يالقۇن چېچىپ كېچە قوينىغا.

شائىر كۈلكىسى
كۈلكىسىدۇر ئالەمنىڭ
يىغىسىغا قىسمەتلەر گۇۋاھ،
ئۇنىڭ
يېرىمى ئىنسان، يېرىمى ئىلاھ.

2002 ـ يىلى 9 ـ نويابىر، ئونسۇ

# مۇئەللىم

زۇلمەتلەرگە مەشئەل ياققان قۇياشتەك
بىر ئىنسان بار، قەلبى ئوتلۇق مۇئەللىم.
ئاداشقانغا چۆلدە ھەمراھ، ماياكتەك،
روھىيەتكە بېرىپ ئۆتەر ئۇ تەلىم.

سەبىي دىللار ئېرپان بىلەن چاقنىسا،
سۈتتەك قەلبى تاتلىق ھېسقا تولىدۇ.
باغۋەن ئۈچۈن كۆچەتلىرى ياشنىسا،
مېھنىتىدىن خۇشاللىنىپ كۈلىدۇ.

ئاق توزانلار چاچلىرىغا كۆچكەندەك،
ياشلىقىدىن قالار تېزلا خوشلىشىپ.
ھاياتنىڭ پاراغىتىن كەچكەندەك،
ياشار ھامان رىيازەتنى قوغلىشىپ.

شام نۇرىدا تاپشۇرۇقنا تىكىلىپ،
كىرپىك قاقماس تالاي ئاخشام ئۇيقۇسىز.
بوغۇنلىرى قالسا ئەگەر يىقىلىپ،
بىلىنەركەن تائاملىرى تەم - تۇزسىز.

مىسرالاردىن ئېلىپ كەلدىم سوۋغاتلىق،
مۇئەللىمگە قوزغالغاچقا زوق - ھەۋەس.

ختتاب قىلاي كائىناتقا جار اڭلىق:
«مۇئەللىمدۇر ئىنسان ئۈچۈن مۇقەددەس!»

2009 ـ يىلى 13 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى ئېقىندالا



# چۈش كۆرمەكتە مۇقەددەس زېمىن

ئاسمىنىدا زىمىستان قىشنىڭ
ئاجىز يېنىپ تۇرىدۇ قۇياش.
چۈش كۆرمەكتە مۇقەددەس زېمىن،
كىرپىكىدە قاغجىرىغان ياش.

كۆجۇم ـ كۆجۇم مەھەللىلەرنىڭ
غېرىب قالغان چىغىر يوللىرى
ئوماق قىزلار جىلۋىسى بىلەن
يالپۇز تەرگەن ئېرىق بويلىرى.

قىش كېچىسى ئۇزۇن، بەك ئۇزۇن،
گۇرۇلدەيدۇ سوغۇق شۇ قەدەر.
دىماقلارغا تۇرار ئۇرۇلۇپ
ۋەھىمىلىك شەكىلسىز خەتەر.

گاھى ـ گاھى قالار ئاڭلىنىپ
دېرىزىدىن قۇشلارنىڭ ئۈنى.
چۈش كۆرمەكتە مۇقەددەس زېمىن
دېكابىرنىڭ ئازابلىق كۈنى.

2002 ـ يىلى 7 ـ دېكابىر، ئونسۇ

# يېشىللىق چىللايدۇ مېنى ئىلھامغا

ئويغىنار سۈت ئۇيقۇدىن يېشىل يايلاق،
كۆرۈنەر تاڭ شەپقى يالقۇن بولۇپ.
زەر قۇياش مېھىر بىلەن سۆيگىنىدە،
جانلىنار بار كائىنات نۇرغا تولۇپ.

كۆك بىلەن بوي تالاشقان تىك چوققىلار،
ھاياتقا كۈندىكىدەك قۇچاق ئاچار.
يىراقتا قاتار ـ قاتار كىگىز ئۆيلەر،
سەدەپتەك جۇلالىنىپ كۆككە باقار.

دىلغا زوق، ئىللىق تۇيغۇ كېلەر باشلاپ،
تاغ گۈلى، ماماكاپلارنىڭ پىچىرلىشى.
قۇلاققا ساداقەتتىن كۈي ئېيتىدۇ،
نازلانغان ئەركە شامال شىۋىرلىشى.

شادلىنار ئەزگۈ ھېستا بارچە يۈرەك،
تەبىئەت تىنىقىدىن ھۇزۇر ئېلىپ.
كۆلدىكى شوخ ئۈزۈشكەن جۈپ ئۆردەكلەر،
ئۆتىدۇ دىلرەبانى ئەسكە سېلىپ.

يېشىللىق سىر تۆكىدۇ قەلبلەرگە،
كۈلىدۇ ھايات ئۇندا بوۋاقلاردەك.

كۆكۈللەر پاكىزلىنىپ بارار شۇنچە،
تاغدىكى ئاشۇ يۇمران گىياھلاردەك.

قىيالماي خەيرلەشتىم ئارمان بىلەن
ھەر تاغدا قۇياش سۆيگەن چوققىلاردىن.
يۇرەكتە قالدى تاتلىق ئەسلىمىلەر،
يايلاقتا پىچىرلاشقان مىنۇتلاردىن.

2007 ـ يىلى 4 ـ ئىيۇن، ئۇرۇمچى ئىقىندالا



# ئەمدى هاراق ئىچمەيمەن

تۆت بۇرادەر يىغىلىپ ئولتۇرۇشتۇق قاۋاقتا،
ئۆپكە ـ ھېسىپ، پاچاقتىن بۇيرۇتۇپ چوڭ تاۋاقتا،
تەكەللۇپلار، كۈلكىلەر جىمىرلايتتى قاراقتا،
شەرم ـ ھايا دېگەنلەر قالغانىدى يىراقتا،
لالما ئىتتىن پەس بولدۇم، ئاخشام ئىچكەن هاراقتا.

قىزىغاندا باشلىدۇق سېرىق يۇمۇر ئوقۇشقا،
جىنسىيەتتىن خىلمۇخىل ھېكايىلەر توقۇشقا،
مۇھاكىمە يۆتكەلدى سادام بىلەن چوڭ بۇشقا،
قۇلىقىغا پىچىرلاپ، ئاڭلىمىسا نوقۇشقا،
لالما ئىتتىن پەس بولدۇم، ئاخشام ئىچكەن هاراقتا.

دۇكانچىنىڭ قىزىغا چاقچاق قىلدۇق سەت كۈلۈپ،
كىم بىلىدۇ پەشۋادىن چىراي كەتتى كۆكىرىپ،
«بولدى ئاكا، كەچۈرگىن» دېدۇق ئاران يۈكۈنۈپ،
پىتىرىغان چاشقاندەك قېچىپ چىقتۇق يۈگۈرۈپ،
لالما ئىتتىن پەس بولدۇم، ئاخشام ئىچكەن هاراقتا.

يېتىپ‌يېتىپ مەن ئورماندا قۇسۇقلارغا مىلىنىپ،
يۈزۈم يەنە قانىغان، جىگدىلەرگە تىلىنىپ،
ئايىغىمنىڭ بىرى يوق، ئىشتان كەتكەن سىيلىنىپ،

مەن خىرامان ئۇيقۇدا، داق يەر جەننەت بىلىنىپ،
لالما ئىتتىن پەس بولدۇم، ئاخشام ئىچكەن هاراقتا.

كەيپىلىكىم يېشىلدى تۈن كېچىدىن ئاشقاندا،
چىۋىنلەرمۇ بېشىمدىن گىژىلدىشىپ قاچقاندا،
قورقۇپ كەتتى ۋارقىراپ خوتۇن ئىشىك ئاچقاندا،
يىغلىۋەتتىم پاتقىمدە نومۇس كۆچۈم تاشقاندا،
لالما ئىتتىن پەس بولدۇم، ئاخشام ئىچكەن هاراقتا.

چىقالمىدىم ئورۇندىن هەپتىگىچە تالقان يەپ،
تارقىلىپتۇ سىرتلاردا مەن توغرۇلۇق غوۋغا، گەپ،
هاراق دېگەن ئىنسانغا بولار ئىكەن ئازغۇن، چەپ،
پۇشايماندا مىڭ مەرتەم زىكىر قىلدىم: «ئىسىت، خەپ»،
لالما ئىتتىن پەس بولدۇم، ئاخشام ئىچكەن هاراقتا.

ئەمدى هاراق ئىچمەيمەن، قىلىۋەتتىم پەندىيات،
ئىچىملىك هەم چېكىملىك ماڭا بولسۇن يىراق ـ يات،
بالا ئىككى بولغاندا سەت ئەمەسمۇ يامان ئات،
هالال نىيەت، ئىماننى قىلىۋالاي پەي ـ قانات،
لالما ئىتتىن پەس بولدۇم، ئاخشام ئىچكەن هاراقتا.

2008 ـ يىلى 18 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى ئېقىندالا

# دىلبەر

مەنزىلىمىز بولسىمۇ يىراق،
قىيىنىسىمۇ ھىجران ۋە پىراق،
ئېگەلمەيدۇ قەددىمنى بىراق،
سېنى دىلدىن سۆيىمەن دىلبەر.

نى ئەلەملەر كېلىدۇ باشقا،
ئاچچىق قىسمەت سىڭىدۇ ياشقا،
يانجىلسامۇ ئۇرۇلۇپ تاشقا،
سېنى دىلدىن سۆيىمەن دىلبەر.

سېغىنىشتا ئۆتتى كۈنلىرىم،
ئۇيقۇ قېچىپ تالاي تۈنلىرىم،
سېنى كۈيلەپ پۈتتى ئۈنلىرىم،
سېنى دىلدىن سۆيىمەن دىلبەر.

2005 ـ يىلى 18 ـ فېۋرال، ئۈنسۇ

# شەھەرىستان

تاش شەھەرنىڭ ھاۋاسى تىنچىق،
تاش شەھەرنىڭ ئىشلىرى قىزىق.
جاھان كېزىپ يۈرگەن شاھ مەشرەپ
خالتىسىغا
چۆچەكلەردىن قاچىلاپتۇ جىق.

كەيپ بولغان رەڭلىك تاكسىلار،
چىقىپ كېلەر خىلۋەت قاۋاقتىن.
ئاسفالتقا مىنگىشىپ رەت ـ رەت
كىرىپ كېلەر كۆزلەرگە،
كۆلەڭگىلەر يىراق ـ يىراقتىن.

دوقمۇشلاردا ساھىللار
كىم ئۇنى تىلەمچى دەيدۇ؟
كىم دەيدۇ ئۇنى «ئۆز رىزقىنى يەيدۇ»؟
ئۇنىڭمۇ قورقىدىغان يېرى بارمىش
رەڭۋازلىقى ئاقماي قېلىشتىن،
قولىدىكى زاكون تايىقى
سۇنۇپ كەتسە بىر كۈنى.

رەستىلەردە
پەلسەپىلەر سېتىلىدىكەن مېتىرلاپ،

بىر كېچىدە ئايلىنىدىكەن
تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخكە،
ئالالىسا دىتلاپ.
بولمىسا
ئارمانلاپ چۈشىدىكى تۇغاچ بەزمىسىنى
ئاۋۋالقىدەكلا
يۈرىدىكەن پىتلاپ.

دەشت ـ چۆلدىكى قۇملاردا
تارىخ ياتار جەسەتلەرنى قۇچاقلاپ.
نە چۆل بولسۇن
ئەركە شاماللار چاقناتتى قايتا
مۇزبىلاردا بېزەكلەپ.
كىروران گۈزىلى
يولۇچىلاردىن سوراپ يۈرەرمىش
نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى
ئۆز خەلقىنى دېرەكلەپ.

تاش شەھەرنىڭ ھاۋاسى تىنچىق
تاش شەھەرنىڭ ئىشلىرى قىزىق.

2011 ـ يىلى 19 ـ فېۋرال، ئۇنسۇ

# يېرىم دۇنيا لىرىكىسى

ماڭا بەرگەن سوۋغىتىڭ شۇمۇ،
كېتىپ قالدىڭ ئازابقا تاشلاپ.
قەيەرلەردە يۈردۈڭ پەرۋاسىز،
كىملەرنىدۇر سۆيدۈڭ باغاشلاپ؟

سىنچى كۆزۈڭ مىسالى بىر ئوت،
تەنلىرىمنى تامام كۆيدۈرگەن.
دىلغا ھۆزۈر تاتلىق تىللىرىڭ
يۈرىكىمنى چەككەن، سۆيدۈرگەن.

ھىجران پەيتى ھۆۋلاپ بورانلار،
قىيناقلاردا ئۆتمەكتە بۇ كۈن.
بىز ئايرىلىپ كەتسەك شۇنداقلا،
بولمامدىكىن بۇ دۇنيا پۈتۈن؟!

2004 ـ يىلى 21 ـ ئاپرېل، ئۈنسۈ

## ئەينەك

ئەينەك دەيدۇ: «سەن يىغلىساڭ يىغلايمەن،
كۈلسەڭ ئەگەر مەنمۇ خۇشال كۈلىمەن.»
هايات دەيدۇ: «غەزەپلەنسەڭ قەھرىم بار،
سۆيسەڭ ئەگەر، مەنمۇ سېنى سۆيىمەن.»

ئەيىبىڭنى كۆرمە دوستۇم، ئەينەكتىن،
ئەينەك دېگەن ھەقىقەتنىڭ جارچىسى.
ئاچچىقلىنىپ پارچە ـ پارچە قىلساڭمۇ،
ھەقىقەتنى كۆرسىتەر ھەر پارچىسى.

ھاياتىڭمۇ ئوخشار خۇددى ئەينەككە،
سۆيگىن ئۇنى ئىخلاس بىلەن باغاشلاپ.
ئىجادىڭدىن رەڭلەر تۈزۈپ سىيمايىڭ
جىلۋىلەنسۇن ئەل كۆزىدە چاراقلاپ.

2009 ـ يىلى 13 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى ئىقىندالا

# فىۋرالدىكى پىچىرلاش

شېئىر يازدىم ئون تۆتىدە فېۋرالنىڭ،
جۈپ يۈرەككە ئوتلۇق سۆيگۈ چىللاي دەپ.
سەلكىن شامال سۆيۈپ ئۆتكەن چىمەندە،
ساداقەتتىن ساغا دەستە خىللاي دەپ.

قارا بۇلۇت سايە تاشلاپ كەلگەندە،
نۇرلار چاچتىڭ قۇياش بولۇپ يولۇمغا.
ۋىسال پەيتى ئەقىدەڭنى ئارماندا،
ئېسىپ قويدۇڭ تۇمار قىلىپ بوينۇمغا.

ھايات ئۆچۈن باسقان ھەربىر ئىزلىرىم،
رەڭدارلىقتا مەزمۇن تاپتى سىنىڭدىن.
گاھ ئازابلاپ ئاچچىق قىلسام دىلىڭنى،
كۈلۈپ قويدۇڭ، رەنجىمىدىڭ مېنىڭدىن.

خىجىل بولار تولۇن ئايمۇ ئالدىڭدا،
ۋىناستۇرسەن، قەلبىمدىكى سۆيۈملۈك.
گۈزەل رىشتە ئۈيۈپ كەتسۇن يۈرەككە،
تەڭ يىغلىشىپ، تەڭ كۈلەيلى ئۆمۈرلۈك.

2008 ـ يىلى 7 ـ مارت، ئۈنسۇ

# چاقىرىدۇ قوي كۆزلۈك ۋەتەن

گۈرۈلدەيدۇ قەدىمىي توغراق
ۋۇجۇدىنى ئۆرتىگەن ئاتەش.
تەكلىماكان ۋادىسى بويلاپ
تۆكۈلمەكتە مۇقام كۈيلىرى
ئورماندىكى نەغمىچى قۇشلار
شاھ مۇقامدىن بولۇپ كەتكەن مەست.
مىڭ ھەۋەستە پارتلايدۇ تەن،
چاقىرىدۇ قوي كۆزلۈك ۋەتەن.

«ئۇيغۇر دىگەن نانمۇ؟» دىگەندەك
رۇس، ئىنگلىز، نىگىر، كورىيان
ياكى نىمىس، ئەرەب، ئىندىيان
«ئۇيغۇر» دىسە تۇرۇپ كىتەرمۇ؟
قەدىم زامان يۇرۇشلىرىنىڭ
شاۋقۇنلىرى ئەسكە يىتەرمۇ؟
ئىلخەتلەردە مەڭگۇ تاشلاردىن
مورگان ئىيتقان ئالتۇن ئاچقۇچنىڭ
ئادرىسى زاھىر ئىتەرمۇ؟
مىڭ ھەۋەستە پارتلايدۇ تەن،
چاقىرىدۇ قوي كۆزلۈك ۋەتەن.

ئوينىماقتا بىر توپ باللار
شەھەر ياساپ لاي ـ لاتقىلاردىن،
تۆگىلەرگە كولدۇرما ئېسىپ
سۇۋىن ھىدىن، ئاۋرل ستەيىن.
بىرچاغلاردا ئۆتكەن بۇ يەردىن.
پەرەڭلەرنىڭ مۇزېيلىرىدا
ئاپپاق سۇتتەك ئېپپىتى بىلەن
تارىخ ياتار كۇلۇپ قايتىدىن.
مىڭ ھەۋەستە پارتلايدۇ تەن،
چاقىرىدۇ قوي كۆزلۇك ۋەتەن.

ئىستانبۇلدا يۇرسەڭمۇ ئەمما
كۆتۇرۇلمەس چۇشۇڭدىن بىر رەت
دۆڭكۆۋرۇكنىڭ كەچلىك بازىرى،
ئۇيغۇر پۇرار گۇپۇلدەپ بۇندا
دوستۇڭ بىلەن كېلىپ ئاستىلا
ئورۇندۇقا چۆكىسەن سۆزسىز.
ئوخشىمايدۇ پەقەت ۋە پەقەت
ئىت كۆتۇرگەن پەرەڭ خېنىمغا
كەچ بازاردا تۇخۇم ساتقان قىز.
مىڭ ھەۋەستە پارتلايدۇ تەن،
چاقىرىدۇ قوي كۆزلۇك ۋەتەن.

يازمىسىمۇ نېتزى، گۇگۇلدەك
قېرى جىگدە، قىزارغان يۇلغۇن
شىۋىرلايدۇ ئۇگۇت ـ ھېكمەتلەر.
ئەركە شامال ئىخلاسى بىلەن
ئوقۇپ چىقار ئىبادىتىدە

ئۆزلۈكنى تونۇيدۇ قايتا
تەلقىنلاردىن ئېدىرلار – چەتلەر.
مىڭ ھەۋەستە پارتلايدۇ تەن،
چاقىرىدۇ قوي كۆزلۈك ۋەتەن.

نۇرلار ئېمىپ ئالتۇن قۇياشتىن
دەۋرىمەكتە تارىم يۈرىكى
تومۇرلارغا بولدى رىتىمداش
باياۋاننىڭ ئوتلۇق تىنىقى.
باھاردىكى سىم – سىم يامغۇردا
تويى بولغان ئېپپەتلىك قىزدەك
يۈيۈلماقتا ئاستا – ئاستىلاپ
بوۋام بىلەن مومام قالدۇرغان
جېدەللەرنىڭ قارايغان دېغى.
مىڭ ھەۋەستە پارتلايدۇ تەن،
چاقىرىدۇ قوي كۆزلۈك ۋەتەن.

2008 – يىلى 15 – ئىيۇن، ئۈرۈمچى ئېقىندالا



# كۆتەرسەنمۇ مېنى ئۆخلىماي

سەھەردىكى سالقىن ھاۋادەك
مەرغۇللانسام دىماقلىرىڭدا.
سامادىكى كۆلگۈن قۇياشتەك
شوخ پارلىسام زىننخلىرىڭدا.

دېرىزەڭدىن مارىغان ئايدەك
نۇرلار چاچسام خانىلىرىڭغا.
يامغۇر بولۇپ تومۇزدا يەنە
تامچىلىسام پايىلىرىڭغا.

ناۋات بولۇپ ئىچكەن چېيىڭدا،
تىللىرىڭنى قورۇسام تاتلىق.
ياڭراتقۇڭدا بولۇپ لىرىكا،
بېغىشلىسام قەلبىڭگە شادلىق.

شەھىرزاتتەك ھەر تۈن يېنىڭدا
چۆچەك ئېيتىپ بەرسەم توختىماي.
ئېچىپ قويۇپ روجەكلىرىڭنى،
كۆتەرسەنمۇ مېنى ئۆخلىماي؟

2011 ـ يىلى 22 ـ فېۋرال، ئۇنسۇ

# يېڭى يىلنىڭ هارپا ئاخشىمى

يېڭى يىلنىڭ هارپا ئاخشىمى
بۇرۇتلۇق ئەر، ئوسمىلىق سەتەڭ
رېستورانغا ئاقىدۇ سەلدەك
تۆكمە قىلىپ سېتىلغان مالدەك،
هاراق قۇيار ئۇيغۇرغا ئۇيغۇر
شۆپۇكتەك سويار ئۇيغۇرنى ئۇيغۇر.

ئۇستەلگە لىق تولغان قورۇما رەت ـ رەت
هېس قىلىسەن بىر يىلدا ئالغاندەك هوسۇل،
يۇلقۇنار تۇيغۇلىرىڭ قەدەھ ئىچىدە
كۆزلىرىڭنى غەلەت قىلىدۇ تولغىما ئۇسسۇل،
جازنىڭ كۈچلۈك ئاۋازى بىلەن
كىرىپ كېتىدۇ بىر ئاچچىق مېڭەڭگە ئۇدۇل.

سۇتتەك قىزلار، قېتىقتەك جۇۋانلار
مەسۇم يىگىتلەر، پىچاقتەك قىرانلار
تانسا ئويناپ كۆڭلىنى ئاچار،
قۇرغاق جەمئىيەتتە
ئەتىسى ئۇچراپ قالسا ئۇركۇشۇپ قاچار
پاشا چاقسىمۇ چىمىلدايدۇ تەن

قانچىلىك ئىشتى ئۇ ئۇلتۇرۇش دېگەن؟
بىر ەلمەيدۇ تېتىغۇدەك تەم.

يېڭى يىلنىڭ ھارپا ئاخشىمى
تېگىشلىپ كېتىدۇ بەزىدە
بىر رومكا مەيگە بىر ئۆمۈرلۈك قىممەت قارىشى،
ئىشتىھاسى ياخشى باشلىقنىڭ
كۆندە يېگەچ قۇۋۋەت دورىسى.

بۇ يىل تورتىسىز ئۆتتى ھارپا ئاخشىمى
مېھمان كەلمىدى كۆڭۈل بېغىمغا
مارجان قىلىپ تىلەكلىرىمنى
ئېسىپ قويدۇم شېئىرلىرىمغا.

2009 ـ يىلى 1 ـ يانۋار، ئۈنسۇ



# دۆڭكۆۋرۈكتە پۈرايدۇ قەشقەر

دۆڭكۆۋرۈكنىڭ رەستىلىرىدە،
قايناپ تۇرار ھايات ھىممىتى.
مەختۇمسۇلا كېلىدۇ ئاستا،
قوللىرىدا تۇخۇم سېۋىتى.

دوپپا كىيىپ يۈرەر چىنتۆمۈر،
خىيال بىلەن رەستە ئارىلاپ.
كۆپتىن بېرى قالغاچ شىكارسىز،
دوغاپ ئىچەر قايتا ـ قايتىلاپ.

دۆڭكۆۋرۈكتە پۈرايدۇ قەشقەر،
شاۋقۇنى بار ئانا دەريانىڭ.
دۆڭكۆۋرۈكنىڭ ئىپپىتى سۈتتەك،
تىنىقى بار نۇزۇك قىزلارنىڭ.

بوشلۇقلاردا مۇقام پەرۋازى،
كوچىلىرى قەلبكە تۇتاش.
تۆكۈلىدۇ دەستىلەپ نۇرلار،
دۆڭكۆۋرۈكتە پاتمايدۇ قۇياش.

2007 ـ يىلى 26 ـ ماي، ئۈرۈمچى ئېقىندالا

# جەننەت ئىشىكى ئالدىدا

تاش ئورمان ئىچىدە نەملەشكەن دۇنيا
مۇڭ بىلەن ئۆتمۈشكە قىيا باقىدۇ.
ئوغۇزخان ئات مىنىپ ئۆتكەن بۇ يوللار،
مۇخلارغا چىرمىشىپ كەيپ ياتىدۇ.

نىجاسەت دەستىدىن دىماقلار پۈتكەچ،
تارتالماس دىللارنى خورازسىز سەھەر.
ئوغلىغا پىچىرلاپ ئوچاق تۈۋىدە
جەڭنامە ئېيتىدۇ مۇكچەيگەن شەھەر.

ئۆچىدۇ ياۋا قۇش كۆلەڭگىلەردەك
توغراقلار يېمەكتە شەكىلسىز تولغاق.
كىم دەيدۇ قۇملارنى غەپلەتكە مىسال،
سىر تۆكەر تىنىمسىز بارخانلار ئويغاق.

ئاسماننىڭ گۈمبىزى بىلىنەر سوغۇق،
ھېلىلا يوقالدى بىر يۇلتۇز ئېقىپ.
يەنىلا دۇنياغا تىلىدى سانا،
پىرچەڭگى بىر چەتتە سەرەڭگە يېقىپ.

2007 ـ يىلى 19 ـ ئۆكتەبىر، ئونسۇ

# ھايات پەلسەپىسى

قېنىپ ـ قېنىپ نەپەس ئالدىم زوقلىنىپ،
تاڭ سەھەردە قۇياش كۈلۈپ باققاندا.
يوپۇرۇلۇپ كەلدى بۇلۇت توساتتىن،
ئويغا پاتتىم قارا يامغۇر ياغقاندا.

تاغ ھاۋاسى ئۆزگىرىشچان ئەزەلدىن،
ئەجەب بىر ئىش، ئوخشايدىكەن ھاياتمۇ.
گاھى قونسا بەخت قۇشى بېشىڭغا،
كېلىدىكەن تۇيۇقسىزلا ماماتمۇ.

كۈلكە بىلەن ئازاب ساڭا ھەمراھتۇر،
تارازىدا كۈچ ئېلىشىپ مېڭىشار.
مەنزىلىڭنىڭ مۇلدۇرلىرى، جۇتلىرى
جاسارىتىڭ، ئىخلاسىڭنى سىنىشار.

راھەتلەنسەڭ ئاپتىپىدا باھارنىڭ،
نەشتەر ئۇرار قەھرى بىلەن زىمىستان.
گاھى ساياق يۈرسەڭ چۆلدە تەمتىرەپ،
گاھى قۇچاق ئاچار ساڭا گۈلىستان.

ھايات شۇنداق پەلسەپىسى ئۆزگىچە،
مېھىر بىلەن سۆيسەڭ، ئۇمۇ سۆيىدۇ.

بىر سۆزۇم بار، ھاياتىدىن بەزگەنگە:
«تىرىشچانغا ئىقبال ئىللىق كۈلىدۇ.»

2007 ـ يىلى 8 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى ئېقىنىدا



# ئەلۋىدا، شائىر

(شائىر باتۇر روزىغا مەرسىيە)

بىراۋ: «باتۇر كېتىپ قاپتۇ» دېگەندە،
كېكەچلىشىپ ئۇنۇم ئۆتچى تىلىمدىن.
بار كەلگۈلۈك ئەدىبلەرگە كەلگەندەك
خامۇش يۇردۇم غىزا ئۆتمەي گېلىمدىن.

ئەشئارلىرىڭ جۇلا چاچقاچ ئۆزگىچە،
«ئايسىز ئايدىڭ» * بولغان ئىدى تۇنىمىز.
قەلبلەرنى زېدە قىلغاچ مۇسىبەت،
ئايدىڭدىمۇ ئايسىز يۇردۇق ھەممىمىز.

تۇرمۇش ساڭا ئانچە كۈلۈپ باقمىدى،
سەن ھاياتقا شۇنچە كۈلۈپ باقساڭمۇ.
چوڭ شەھەرلەر ساڭا چىراي ئاچمىدى،
سەن زېمىنغا چوغدەك يۈرەك ياقساڭمۇ.

ساڭا ئوخشاش ئوتلار سەپكە قېتىلغاچ،
شېئىرىيەتنىڭ پوستى شۇ چاغ چېقىلدى.
قىزىپ كەتتى ئەنجۈمەنلەر ئارقىدىن،
چېچەكلەردىن خۇش پۇراقلار چېچىلدى.

خىتاب قىلغان ئىدىڭ بوۋام سادىرغا:
«بەش بالاڭنى كۈتۈپ ياتار بەش داۋان.»*
ئۆزۈڭ چۈشتەك غايىب بولدۇڭ ئارىدىن،
تاشلاپ قويۇپ يۈرەكلەرگە چوغ، ئارمان.

باتۇر ئىدىڭ، باتۇرلارچە ياشىدىڭ،
رەقىبلەرگە بىلىندۈرمەي ئاھىڭنى.
يىقىلساڭمۇ ھەقنى تىنماي سۆزلىدىڭ،
تەقدىر قامال قىلالمىدى روھىڭنى.

ئىستەپ كەلدىڭ ئەۋلاد ئۈچۈن كۆيمەكنى،
ۋەسلىڭ بىلەن مەرىپەتنى سۆيمەكنى.
«ھۆجۇم قىلىپ زىندانىغا باشلار»*نىڭ،
جاھالەتكە خاتىمەلەر بەرمەكنى.

ئىزىڭ قالدى كۆكتوقايدا، يەكەندە،
قاغىلىق ھەم ئۈرۈمچىدە بەزىدە.
سۆزۈڭ قالدى ئېيتىلغان ھەم ئېيتىمىغان،
شېئىرىيەت پەرۋانىسى قەلبىدە.

ۋەزنى شۇندا بىلىنەرمىش ھاياتنىڭ،
يارالمىشلار «پىلسىراتتىن ئۆتكەندە»*.
تەكلىماكان چۆمدى ئېغىر سۈكۈتكە،
سەن ۋاقىتسىز ئارىمىزدىن كەتكەندە.

ئۇيغۇر ئۈچۈن ئۆلۈمۈڭدۇر مۇقەددەس،
بۇ ھەقىقىي بىر شائىرنىڭ ئۆلۈمى!

نىدا قىلدى تارىم ئاچچىق تولغىنىپ:
«باتۇر قېنى، باغرىمدىكى چوغ قېنى؟»

ياتقان يېرىڭ جەننەت بولسۇن، ئەلۋىدا،
جور بولاركەن كۆلكە بىلەن مۇسىبەت.
تاڭ ساباسى سۆيۈپ ئۆتسە قەبرەڭنى،
قۇشلار سۆيگۈ چىللاپ تۇرار تا ئەبەد.

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاپرېل، ئۈنسۇ



* شائىرنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

# ئەسلىدە بىر سېنى سۆيگەنىكەنمەن

كۆكلەمدە باغلارنىڭ چېچەكلىرىنى
ئوغرىلاپ قاچىدۇ شوخ ئەركە شامال.
زەنجىرلەپ تاشلىدىڭ قىيناقلىرىڭغا،
يۇلقۇنۇپ باقساممۇ تاپالماي ئامال.

بۇلبۇللار تۈن بويى سايرىسا گۇلچۇن،
«تووۋا» دەپ ئىچىمدە كۇلگەنىكەنمەن.
چېكىپتۇ قەلبىمنى سۆيگۈ ئىلاھى،
ئەسلىدە بىر سېنى سۆيگەنىكەنمەن.

قۇشلاردىن سورايمەن ئېسەنلىكىڭنى،
دىرىزەم تۇۋىدىن ئۆتسە ھەر سەھەر.
سەۋداغا ئايلاندىم تىلسىملىرىڭدىن،
بىلمىدىم يېگىنىم تاماقمۇ، زەھەر؟

لىرىكا يېزىشقا تۇتۇندۇم يەنە،
تىۋىشى ئاڭلانماس شۇ تاپ ھېچكىمنىڭ.
ئۇستىلىم يېنىدا تۇرار پىلىلداپ
سېھىرلىك چىرىغى ئالاۋىدىنىڭ.

2011 ـ يىلى 23 ـ فېۋرال، ئونسۇ

# باقتىم

سەتەڭلەرگە پۇلنى خەجلەپ يۇرۇپ باقتىم،
قىمار ـ ئوشۇق دېگەننىمۇ كۆرۈپ باقتىم.

تەنگە راھەت، دىلغا ھۇزۇر بولارمىش دەپ،
ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا سۇرۇپ باقتىم.

«گۇرۇپ باشلىق» ئاتالغاندا، دوستلىرىمغا
چىراي ئاچماي قاپىقىمنى تۇرۇپ باقتىم.

ئەمەل تاجىم ئۆسمەك ئۇچۇن مەجنۇنلارچە
باشلىقىمنىڭ ھاجىتىگە ئۆلۈپ باقتىم.

ئويلاپ يەتسەم گۆھەر ئىكەن غۇرۇر ئەسلى،
گۇل ھاياتقا چىن ئىنساندەك كۇلۇپ باقتىم.

2005 ـ يىلى 10 ـ فېۋرال، ئاقسۇ

# سۆيۈش ئۈچۈن سۆيۈلۈش

كۆزۈڭدىن چاقنايدۇ سېھىرلىك يالقۇن،
ۋۇجۇدۇم تىترەيدۇ ھارارىتىڭدە.
يەلكەنسىز كېمەمگە ئۇرىسەن دولقۇن،
پالاقلار ئىشلىمەس جاراھىتىڭدە.

تاغدىكى كېپىكتەك ئوۋلايسەن مېنى،
روھىمنى قاماللاپ، پۈتۈن يۇتىسەن.
ئويلىماي دېسەممۇ ھەر تاڭدا سېنى،
ساباغا ئايلىنىپ سۆيۈپ ئۆتىسەن.

قاچاندۇر بىر ساڭا قالدىم باغلىنىپ،
تومۇردەك تۇتىشىپ كەتتى يولىمىز.
ئۆتۈنەي، قالمىسۇن قەلبىم داغلىنىپ،
يورۇتقاي دۇنيانى ئىخلاس نۇرىمىز.

2009 ـ يىلى 29 ـ سېنتەبىر، ئونسۇ

# مۇھەببەتسىز ئۆتكەن قىش

قىش كېچىسى بەك ئۇزۇن
تۆكۈلىدۇ ياتىقىمدىن بويتاقلىق ھىدى
چاشقانلار
قاچۇرىدۇ ئۇيقۇنى
كىتابلىرىم بېشىمدا چېچىلىپ ياتار
سوغۇق دېرىزە چەكچىيىپ باقار
ئۇنىئالغۇدا ياڭرايدۇ ساكىسىنىڭ ئۇنى.
تام مەش گۈزەل لاتاپەتلىك قىز
قۇچاقلايمەن كېچىچە ئۇنى
قۇچاقلىغاندەك باشقا بىرىنى.

گاھى خىيال سۈرىمەن
گاھى ناخشا توغىمەن
چۈش كۆرىمەن بەزىدە
تويى بولغان يىگىتتەك
پۇشۇلداپ ياتقان كارىۋات
قايتۇرۇپ بېرىدۇ رېئاللىقىمنى.
كىرلىكتىكى قان دېغى
ئەسكە سالىدۇ ئۆتمۈشنى
مۇھەببەتسىز ئۆتكەن قىش
ئۇنتۇلدۇردى ئۆزۈمدىن مېنى.

2002 ـ يىلى 25 ـ دېكابىر، ئۇنسۇ

# روھ يىلتىزى

ئارمانلارنى يېتىلەپ ئۆرۈلدى يىل بەتلىرى،
ئىزلىرىمدىن تۇغۇلدى سانسىزلىغان سوئاللار.
كەچۈرمىشتىن پۈتكىنى يېڭىلىشمۇ، نۇسرەتمۇ؟
يۈرىكىمنى قامالاپ تۇرار شۇندا خىياللار.

تىنىقلىرىم كۆكلىگەن زەر قۇياشتىن نۇر ئېلىپ،
يىلتىز تارتتىم ئاۋامغا، ياپراقلىرىم باراقسان.
چېلىشلاردا رۇستەمدەك زەپەر قۇچتۇم رەتمۇرەت،
ھۇۋلىسىمۇ بورانلار، قىلالمىدى پەرىشان.

ئىقبال قىزى ناز بىلەن تاتلىق كۈلۈپ باقماقتا،
ۋۇجۇدلارنىڭ ئەركىسى ئاڭا ئاچار كەڭ قۇچاق.
دولقۇن ياساپ ئاقىدۇ ۋاپا - مېھنەت دەرياسى،
لەھەڭلەرگە بىر ئۆمۈر مەن مىسالى تىغ - پىچاق.

2005 - يىلى 8 - ئاۋغۇست، ئۈنسۇ

# شەھەردىكى غېرىبلىق

يوللار لوْمشوْمەكتە
بوْلوْتلار ھوْۋلىماقتا،
يامغوْرلار نامايىشى
رەستىلەردىن رەستىلەرگە ئاقماقتا.
كوچىدىكى تىلەمچى بالا
بالىلىقنى سېغىنىپ،
ئوْنسىز كوْككە باقماقتا.

ئوْتوْپ كەتتى بىر پىكاپ
ئەتراپقا قاراپ ئوغرى موْشوْكتەك.
ئوْخلاپ ياتار ئېگىز بىنالار
توْن قوينىغا يوْگىشىپ
قېرى توْخوْمەكتىكى ھوْۋقوْشقا شوْ تاپ
زېمىن توْيوْلار
مەئىشەتكە تولغان بوْشوْكتەك.

يوْلتوْزلار
بوْلوْڭدىكى قاۋاقتا
ئىچىۋالغان غىققىدە.
چاقچاقلار، ئېتىقاد، ئىپپەتلەر
ئەقلىيلىك، پەلسەپە، رەڭۋازلىق

غاجىلانغان ئۇستىخان
چېچىلىپ ياتار شىرە ئۇستىدە.

سۇنئىي گۇلزارلىقتا ئىمجان قۇش
ئىدا قىلدى پەرىشتىگە
«يول بەر» دەپ.
كوچا قاسىنقىدىكى رەڭدار چىراغلار
كۆز قىسىدۇ «پۇل بەر» دەپ.
كۆكتىن كەلدى بىر ئاۋاز
«قول بەر» دەپ.

قۇياشسىز شەھەردە
كېچە بىلەن كۈندۈز
تالاشماقتا دۇنيانى...

2006 ـ يىلى 15 ـ سېنتەبىر، ئۈرۈمچى



# باھاردىكى پىچىرلاش

ئېچىلماستىن باھار غۇنچىسى،
قارا بۇلۇت باستى ئالەمنى.
مۆلدۈر ھىدى پۈرايدۇ ئاسمان،
شۈركۈندۈرەر ۋەھىمە تەننى.

خازان بولسا يۇمران مايسىلار،
قاراقلاردىن كۈلكە يىتەرمۇ؟
شاخلىرىمغا ئۇۋا ياسىغان
قۇشلىرىڭنىڭ ئۈنى ئۆچەرمۇ؟

ئاسمىنىڭدا قۇياش پارلىسۇن،
چىللىمىغىن بۇلۇتنى ئەركەم.
سۆيۈشلەردىن ئېچىلسۇن گۈللەر،
ھايات كۈلسۇن، گۈزەل مەلىكەم.

2011 ـ يىلى 15 ـ ماي، ئۈرۈمچى

# كونا قەلئە

كۆز ئالدىمدا تاشلاندۇق شەھەر،
گۇرۇلدەيدۇ تارىخنىڭ ھىدى.
باھادىرلار قىلىچلىرىدا
يالتىرىغان زەپەر نۇرلىرى.

ئارغىماقلار كىشنەشلىرىنى
ئەسلىتىدۇ غەمكىن بارخانلار.
تاملاردىكى ئوقلار ئىزىدىن
تۆكۈلىدۇ قىپقىزىل قانلار.

پەرقلىنىپ تۇرار ئېگىزدە،
رەڭگى ئۆچكەن قەدىمىي ئوردا.
زامانلارنىڭ زالالىتىدىن
سەلتەنەتى يوقالغان بۇندا.

ئولتۇراتتى سېپىل تۈۋىدە،
ئويغا پاتقان چۆچەكچى موماي.
ئېيتىپ بەرسە «مىڭ بىر كېچە»دەك،
ئاڭلار ئىدى بىر ئوماق بالا.

ئاڭلانمايدۇ بۇ يەردە، ئەمما،
سايراۋاتقان قۇشلارنىڭ ئۈنى.

پەقەت ئاجىز يانىدۇ قۇياش،
مەۋجۇتلۇقتىن دېرەكلەپ ئۇنى.

2003 ـ يىلى 18 ـ دېكابىر، ئونسۇ



# كىرپىكىڭگە قونمىسۇن شەبنەم

ئۇچراپ قالدىڭ كونا دوقمۇشتا،
ئۆزۈڭ غەمكىن، كىرپىكلىرىڭ نەم.
دىيالوگسىز باقاتتى كۆزلەر،
تۇرۇپ قالدۇق تىڭىرقاپ بىردەم.

ئاستا ئۇزاپ كەتتىڭ يىراقلاپ،
تىنىقىمدا قالدى ھىدلىرىڭ.
يۈرىكىمنى تۇراتتى ئۇۋلاپ
كەچكى شەپەق سۆيگەن ئىزلىرىڭ.

تەقدىر ساڭا قىلغانمۇ چاقچاق،
دىلىڭ يارا يۈرىسەن نېچۈن؟
غۇنچە گۈلۈڭ سولمىسۇن بىۋاق،
ياش تۆكمىگىن ئالۋۇنلار ئۈچۈن.

ئۈمىد بىلەن نۇرلىنار ھايات،
باياۋاندا ئاداشماس كارۋان.
قانات ياساپ ئوتلۇق سۆيگۈدىن،
ئۇچۇۋەرگىن مەنزىلگە راۋان.

بەخت تىلەپ ھومايۇن قۇشى،
قونار بەلكىم بىر كۈن بېشىڭغا.

گۈللەر تىزىپ بارارمەن مەنمۇ،
ئالتۇن كەشنى كىيىپ قېشىڭغا.

2009 ـ يىلى 8 ـ نويابىر، ئۈنسۈ



# سادىقەتنىڭ بىر چېتى

ئولتۇراتتى بىر قىز دەريا بويىدا،
كۆزى غەمكىن، يىمىرىلگەن قاشلىرى.
تۇرار ئىدى ئويناپ سەلكىن شامالدا،
مەجنۇنتالدەك قىرىق ئۆرۈم چاچلىرى.

نە سەۋەبلەر قىلدى شۇنچە پەرىشان،
تولۇن ئايدەك جەزبىسىنى يىقىتىپ؟
زۇمرەت سۇلار يىراق ئۇزمۇخ ئېلىگە[1]،
كەتتىمۇ يا چاچلىرىنى ئېقىتىپ؟

قويلىرىنى قويۇۋېتىپ دالاغا،
چالدى چوپان لىرىك كۈيگە نېيىنى.
ئايان بولۇپ شۇ ئان كۆكتە ئاق كەپتەر،
تاشلاپ بەردى قىزغا بىر جۈپ پېيىنى.

كۈلدى زىنىخ، ياشاردى قىز يۈرىكى،
قانات ياساپ ئۇچۇپ كەتتى ھاۋاغا.
مېھرى بىلەن تۈن قوينىنى يورۇتقان،
چولپان بولۇپ ئورناپ قالدى ساماغا.

2007 - يىلى 2 - ئىيۇن، ئۈرۈمچى ئېقىندالا

---

① ئۇزمۇخ ئېلى — «چىنتۆمۈر باتۇر» داستانىدىكى مەختۇمسۇلا بولاپ كېتىلگەن موڭغۇل ئېلىنىڭ نامى.

# رېئاللىقتىكى مەن

ئاستا ـ ئاستا ئاقار زامانلار
تارىماقتا بۇلۇت ـ تۇمانلار
يۈرەكلەرنى يەيدۇ غاجىلاپ
ئېزىتقۇدەك مۇدھىش گۇمانلار
رېئاللىقنىڭ بوسۇغىسىدا
ئۇخلىماقتا سانسىز ئارمانلار

بۇ كوچىلار ماڭا بەك تونۇش
يانچۇقۇمدا خەرىتىسى بار
سەييارىلەر ئۈزىدۇ بۇندا
يېتىشمەيدۇ قاتناش ساقچىسى
يوللىرى تار، يوللىرى بەك تار
ھەر ئاخشىمى قارايدۇ ماڭا
پاھىشىلەر بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭدا
موھتاجلىقتا بولۇپ ئىنتىزار

سېلىۋالدىم ھارۋامغا بۈگۈن
كومپيۇتېر، ساپان، كەتمەننى
ئوڭ قولۇمدا راۋاب، سول قولۇمدا داپ
چۈشەنسىكەن بۇ دۇنيا شۇ تاپ
زامانىۋى مەندەك دەردمەننى

بوران ـ چاپقۇن گۈرۈلدىسىمۇ
قوينى كەڭدۇر ئىللىق دۇنيانىڭ
كۆلەر ھامان گىياھلار ياشناپ
مەن يەنىلا رىۋايەتلەردەك
جەنۇبتىكى قەدىم شەھەردە
ئولتۇرىمەن ئىستىقامەتتە
كېچىدىكى يۇلتۇزدەك چاقناپ

2004 ـ يىلى 14 ـ مارت، ئونسۇ



# ئۇيغۇر يېزىقى

مەرىپەتپەرۋەر ئۇيغۇرغا قاندۇر ئۇيغۇر يېزىقى،
مومام ياققان يېپىشلىك ناندۇر ئۇيغۇر يېزىقى،
تەپەككۇرغا، تۇيغۇغا كاندۇر ئۇيغۇر يېزىقى،
قوشنا ـ قولۇم، ئەل ئارا شاندۇر ئۇيغۇر يېزىقى،
قەلبلەردە پاسىبان ـــ خاندۇر ئۇيغۇر يېزىقى.

ئۇنلاپ ئەسىر تارىخنىڭ پاراسەتنى ياقلايدۇ،
ھەر ئەسىردە ئۆزگىچە بۇك ـ باراقسان شاخلايدۇ،
جىسمىڭ بىلەن پۈتۈلگەن گۈل يازمىلار چاقنايدۇ،
ئىلىم ئەھلى ھەۋەستە ئەتىۋارلاپ ساقلايدۇ،
جاھالەتكە نۇر چاچقان شامدۇر ئۇيغۇر يېزىقى.

سەن بولغاچقا پىكرىمىز مارجان كەبى تىزىلار،
ئوبرازلىرى تۇرمۇشنىڭ شۇنچە نەپىس سىزىلار.
ئىنسان روھى چوڭقۇرلاپ، قاتلام ـ قاتلام قېزىلار،
جەۋھەر سۆزۈپ ھاياتتىن، تالاي توپلام يېزىلار،
ئىجتىھاتلىق قەلەمگە داندۇر ئۇيغۇر يېزىقى.

شەۋكىتىڭگە ھەر دىلدا چەكسىز ھۆرمەت ياتىدۇ،
مىسرا تۈزۈپ شائىرلار ناخشا ـ قوشاق قاتىدۇ،
قىز ـ يىگىتلەر كۆڭلىنى سالامنامە چاتىدۇ،

يېزىقىدىن تەزگەنلەر غەم ـ قايغۇغا پاتىدۇ،
دەرمانسىزغا قوشۇلغان جاندۇر، ئۇيغۇر يېزىقى.

ئىختىراغا ياندىشقان يېزىقىمىز پايانى،
ئورخۇن، سوغدى، چاغاتاي، خاقانىيە ھەم مانى،
سۈيى شەربەت بۇلاقتۇر، «ئوغۇزنامە» داستانى،
«ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»،
چىن پۈتمىگەن ئەللەر چاندۇر، ئۇيغۇر يېزىقى.

«قۇت بەلگىسى ــ بىلىگ» دەپ ئېيتىپ ئۆتكەن بوۋىمىز،
كىتابلاردىن چاقنايدۇ، ئەقىل ـ ئىدراك نۇرىمىز،
مۇستەھكەمدۇر ئەزەلدىن ئاساسىمىز ـ ئۇلىمىز،
ئۇگۇت ـ ھېكمەت ھەمراھدۇر، پارلاپ تۇرار يولىمىز،
پەزىلەتتىن تايغانىنى تاندۇر ئۇيغۇر يېزىقى.

يېزىقىنى سۆيمىگەن ئۆزىنى ھەم سۆيمەيدۇ،
قىسمەتلەرگە مۇپتىلا، خۇشال ـ خۇرام يۈرمەيدۇ،
ھالاكەتتە تولغىنىپ، بىر كۈن يىغلاپ ئۇنلەيدۇ،
يېزىق بىلەن مىللەتىم تارىخلاردا ئۆلمەيدۇ،
ئانا تىلغا يۈرەكنى قاندۇر ئۇيغۇر يېزىقى.

تاتاتۇڭا، كاشغەريي، يۇسۇف روھى ھەمدەمدە،
يېزىقىمىز ياشنىسۇن، قانات بولغاي ئىرادە،
دام ـ دام قىلىپ تارىخنى، پەش قىلمايلى زىيادە،
زامانىۋى دەۋردە ھەم قالمايلى پىيادە،
ئەجدادلارنىڭ شامىنى ياندۇر، ئۇيغۇر يېزىقى.

2009 ـ يىلى 11 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى ئېقىندالا

# يۈرەك سېنى سورايدۇ دائىم

ئازاب ئوقى تەرسەڭمۇ باشقا،
توپا سېلىپ بەرسەڭمۇ ئاشقا،
باستۇرساڭمۇ ئازابلىق تاشقا،
يۈرەك سېنى سورايدۇ دائىم.

ساڭا بەردىم سادىق يۈرەكنى،
ئايىمىدىم ئوتلۇق تىلەكنى،
يار دېسەڭمۇ مەندىن بۆلەكنى،
يۈرەك سېنى سورايدۇ دائىم.

مېنى تاشلاپ كەتسەڭمۇ يىراق،
ئىشلەتسەڭمۇ زەھەرلىك ياراق،
قىينىسىمۇ ھىجران ۋە پىراق،
يۈرەك سېنى سورايدۇ دائىم.

2006 ـ يىلى 28 ـ مارت، ئۇنسۇ

# يامغۇردىكى مونولوگ

ئېسىپ قويدۇڭ سۆيگۈڭ بىلەن تېڭىپ،
يۈرىكىمنى تۇمار قىلىپ بويىنۇمغا.
ھەر سەھەردە قۇت ـ بەختلەر تىلەرسەن،
ئېتىكاپتا دۇئا قىلىپ يولۇمغا.

قارا ھىجران بېسىپ كەلگەن تۈنلەردە،
زاھىر بولدۇڭ چۈشلىرىمدە نەچچە رەت.
ئېرەمباغدا ئولتۇرۇپسەن جىلمىيىپ،
مۇھەببەتتىن سۇرۇپتىمەن سەلتەنەت.

بۈگۈن كېچە بۇلۇت تۆكتى ئاچچىق ياش،
نەمخۇش ھاۋا ئۇرۇلىدۇ دىماققا.
خىياللىرىم قانات ياساپ قۇشلاردەك
ئۇچۇپ كەتتى سېغىنىشتا يىراققا.

كۆز يېشىڭنى تۆكۈپ يۈرمە، مەلىكەم،
مانانلارغا چىرماشمىسۇن ئىزىمىز.
چاراقلىسۇن ئاسمىنىڭدا يۇلتۇزلار،
تولۇن ئايدەك يورۇپ تۇرسۇن دىلىمىز.

2007 ـ يىلى 9 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى ئېقىندالا

# ئورمانلىقتا كىرىپ باققۇم بار

كىچىكىمدە ئوينىغان
تال چىۋىقنى ئات قىلىپ،
شەھەرلەرنى ئالاتتۇق
چۇقان سېلىپ باللار.
ھەۋەس قىلىپ قارايتتى
بىزگە سانسىز ئانىلار.

يېتىلگەندە قانىتىم
مىنەي دېسەم ئېتىم يوق،
بېرىپ قالدىم ئورمانغا،
تاقلاپ يۈرەر مارالار.
شىكارسىراپ يۈرىمەن
قېنى كېيىك ئاتقانلار.

ئوقۇغانىدىم چۆچەكتىن
ئورمانلىقتا
ئوغۇزخانغا يول باشلاپ
ماڭغانىمىش كۆك بۆرە.
بىغەملەر شەھىرىنى تاشلاپ
كىرىپ كەتكەن ئورمانغا
جاھانكەزدى سۇپۇرگە.

ئورمانلىقتا كىرگۈم بار،
كېيىكلەرنى سۈرگۈم بار.
بوۋاملارنىڭ ئىزىدىن
غالىبلارچە يۈرگۈم بار.
ئوغۇز بوۋام ئۆلتۈرگەن
قانخور، ۋەھشىي قىئاتنى
يەنە بىر رەت كۆرگۈم بار.

ئورمانلىقتا ھېلىمۇ
ئوتلاپ يۈرەر چارۋىلار،
ئەتراپىدا
ئويناپ يۈرەر بالىلار.

2011 ـ يىلى 23 ـ فېۋرال، ئونسۇ



# ئايال

ئاياللار دۇنيانىڭ زىننىتى، نۇرى،
ئۇ بىلەن قۇرۇلار دۇنيانىڭ ئۇلى.
ئايالسىز ۋۇجۇدقا چىقماس ھېچنېمە،
جاھاننى گۈل قىلغان ئايالنىڭ قولى.

ئايالسىز تۇغۇلماس پەيلاسوپ، ئالىم،
ئۇ كۆيەر ئەۋلادنىڭ ئىشقىدا دائىم.
دېڭىزدەك كۆيۈمى، مېھنىتى بىلەن
كۆكلەر ياشنايدۇ يېمەستىن ۋايىم.

قورۇقلار باسسىمۇ گۈزەل چېھرىنى،
شىۋىرغان ئۇچۇرماس ئوتلۇق مېھرىنى.
سۈت ھەققى، ئەجرىدىن كۆلگەن تەبىئەت،
ھېكايە قىلىشار ئايال سېھرىنى.

كۆيلەيلى بىر ئۆمۈر ئايالنى شۇنداق،
ئۇ خۇددى ماكانسىز قۇشلارغا قونداق.
سۇنايلى گۈلدەستە ئايالغا دىلدىن،
ناخشىمىز پەلەكتە جاراڭلاپ ياڭراق.

2007 ـ يىلى 8 ـ مارت، ئۈنسۇ

# مۇھەببەتتىن چاقنار ئىكەن بۇ دۇنيا

خىياللاردا كۆككە باقسام مۇڭلىنىپ،
دېرىزىدىن قۇياش كۇلۇپ قارايدۇ.
تۈن پەردىسى يېپىلغاندا بوشلۇققا،
روجەكلەردىن ئاي نۇرلىرى مارايدۇ.

كۆل بويىدا سىر تۆكىدۇ چىمەنزار،
ئاڭلىنىدۇ كاككۇكلارنىڭ ناۋاسى.
ئەسكە چۈشەر چاقنىشىدىن زۇھەلنىڭ
جەنۇبتىكى مەسۇم يارنىڭ سىماسى.

مېھرىم بىلەن قاراپ كەتتىم زوقلىنىپ،
كۆك ئاسمانغا، يەردىكى ھەر گىياھقا.
شېئىر يازدىم كۈيلەپ يەنە سۆيگۈنى،
ئەقىدەمنى چىلاپ قارا سىياھقا.

تاغ شاملى ئېلىپ كەتسۇن خېتىمنى،
قەدىرلىكىم، سېغىنچىمنى كۆر، ئاڭلا.
ياشالمايمەن بىر مىنۇتمۇ سۆيگۈسىز،
مۇھەببەتتىن چاقنار ئىكەن بۇ دۇنيا.

2008 ـ يىلى 31 ـ ماي، ئۈرۈمچى ئېقىندالا

# جىمجىتلىق رىسالىسى

خىياللار
باستى ئالەمنى
سادا بەرمەس ھېچنېمە
ھۆكۈم سۈرەر جىمجىتلىق.

جىمجىتلىق
بەلكىم تۇغار ئەتىدىكى
نۇرلۇق قۇياشنى.
شۇ قۇياشنىڭ ئىزىدىن
كۆكلەپ چىقىدۇ يېڭى بىر باھار.

جىمجىتلىق
ئېلىپ كېتىدۇ نۇرغۇن سىرلارنى
ئېلىپ كەتكەندەك
تارىخىمىزنى.

جىمجىتلىق
ئەللەيلىمەكتە
سۆيۈندۈرمەكتە
تاۋلىماقتا
كۆڭلى سۇنۇق شائىرنى.

2000 ـ يىلى 6 ـ سېنتەبىر، ئونسۇ

# نۇر ۋە سايە

تارىخ بەتلىرىدىن كىرىپ كېلەر چۈشلەرگە
ئەركەكلىك قىسسىسى
ئازاب ۋە ھەسرەت ئىچىدە
ئۆتەر ھەر يىلى
شىۋىقەدرى كېچىسى.

تاش ئورماندا تاش ئادەملەر
تاش مېۋىنى يەيدۇ قىزغىنىپ.
يىقىلماقتا غۇرۇر
ئايالالارنىڭ كۆكسىگە
ئەرلىك تومۇرىدا ناكەسلىك قېنى
يوقالماقتا ئارىدا قىزلىقنىڭ ھىدى.

ئىلتىماس قىلىشماقتا باھادىرلىقنى
بىر توپ ئەرۋاھلار
جەڭ ئاتلىرىنى ساپانغا قوشۇپ
«لاي – لاي» توۋلىغاچ.
مەدەنىيەتلىك يىگىتلەر
خوتۇنىغا بەك كۆيۈنىدۇ
«نىكاھ ئىنقىلابى» دەپ ۋارقىراپ قويۇپ
مىسران قىلىچلاردا چامغۇر ئاقلىغاچ.
دېرىزە ئەينىكىدىن سىرغىغان نۇرلار

دېكابىرنىڭ هارارىتىدە قالسىمۇ قېتىپ
پۇل سانىشىدۇ پاھىشىلەر
ساختا ھېجىيىپ مېھمان چىللىغاچ.

ھەي ئادەمزات
«قۇم باسقان شەھەر»نىڭ پۇقرالىرىنى
جاھانكەزدى سۇپۇرگىدىن سورىغىن
بار ئۇنىڭدا بىر خۇرجۇن دۇنيا
تۆكۈپ بېرىدۇ ساڭا جىق چۆچەك
ئېيتىپ بەرگىن بالىلىرىڭغا
ئاپتاپ چىققاندا.

2004 ـ يىلى 9 ـ فېۋرال، ئونسۇ



# بوۋامنىڭ سورىغانلىرى

تومۇزلاردا چاڭقىغان دىلغا
بىر يۇتۇم سۇ تاپقىنىڭ قېنى؟
جاندىن ئۆتسە قەھرىتان سوغۇق،
ئەلگە چاپان ياپقىنىڭ قېنى؟

بۆرە چۇشسە قوي توپلىرىغا،
ساداقتىن ئوق ئاتقىنىڭ قېنى؟
ئەجەل يەتسە ئاكىلىرىڭغا،
هازا - قوشاق قاتقىنىڭ قېنى؟

چىرماق سىلىپ ئېگىز شاخلارغا،
مېۋىلەرنى قاققىنىڭ قېنى؟
يىغىسىنى يىغلاپ ئاۋامنىڭ،
چوغدەك يۈرەك ياققىنىڭ قېنى؟

قەبرىسگە ئاناڭنىڭ كۈندە
بۇغداي - قوناق چاچقىنىڭ قېنى؟
جاۋاب بەرگىن بوۋاڭغا ئوغلۇم،
ئۆز - ئۆزۈڭنى تاپقىنىڭ قېنى؟

2009 - يىلى 10 - ئىيۇن، ئۈرۈمچى ئېقىندالا

# بۇگۈن ھېچكىم ئىشىكىمنى چەكمىدى

ئۇنتۇغاندەك دۇنيا مېنى جىمجىتلا،
بۇگۈن ھېچكىم ئىشىكىمنى چەكمىدى.
نە سەۋەبتىن قالدىم بۇنداق يېگانە،
تەگسىز سوئال خىيالىمدىن كەتمىدى.

گۈل ئۈنەركەن گىرەلەشمە ھاياتتىن،
يالغۇزلۇققا كۆنمەس ئىنسان مىنۇتمۇ.
سۇ قەدرىگە يېتىپ قالار بەزىدە،
قوقاسلىقتا لاۋۇلدىغان چوغ ـ ئوتمۇ.

ھەركىم تاپار ئۆزگىلەردىن ئۆزىنى،
رەڭ تۇزەيدۇ سۆيۈلۈشتىن، سۆيۈشتىن.
ئۆكۈنمەيدۇ لەززەت بىلىپ ئۆمۈرلۈك،
پەرۋانىمۇ نۇر ئىشقىدا كۆيۈشتىن.

ئۇنتۇماڭلار ئىشىكىمنى چېكىشنى،
ساقلاپ تۇراي بۈگۈن كېچە ئۇخلىماي.
خورازلارنىڭ چىللىشىنى سېغىنىدىم،
بوۋاملاردەك سۇبھى بىلەن تەڭ تۇراي.

باغلىرىمدا شوخ ئۇنلىسۇن بۇلبۇللار،
ھايات قايناپ تۇرسۇن ئەتراپ ـ يوللاردا.

بۇ دۇنياغا ئالتە كۆنلۈك مېھمانمىز،
شوخ ئۈزايلى نۇر ياغدۇرۇپ دىللاردا.

2008 ـ يىلى 10 ـ نويابىر، ئۈنسۇ



# ئوغلۇمغا خىتاب

چۆچەكلەرنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدىڭ قەۋەتلا،
چۆچەك ئېيتىپ هارمايتتۇق كۈندە ئاناڭ ئىككىمىز.
بىر نۇقتىغا تىكىلىپ خورسىناتتىڭ گاھىدا،
تۆكۈلەتتى سوئاللار، ئۇچراشسا گەر كۆزىمىز.

چىقمىسىمۇ ساۋاتىڭ، ئېسىلاتتىڭ كىتابقا،
ھەۋىسىمنى قوزغىغان، زوقۇڭ بىلەن ۋاراقلاپ.
دېگەنىدىڭ: «كېلەرمۇ بىزنىڭ كوچا ـ رەستىگە
ھۆرلىقا ۋە ھەمراجان، بۇلبۇلگويا قاقاھلاپ؟»

جابدۇنۇپسەن جان ئوغلۇم چىقماق ئۇچۇن سەپەرگە،
قول كۆتۈردۇق دۇئاغا، راۋان بولسۇن يوللىرىڭ.
تەكلىماكان باغرىدا تاپقىن بوۋاڭ ئىزىنى،
ساخاۋەتنى چىلىلىسۇن ئاناڭ سۆيگەن قوللىرىڭ.

بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىشى تەبىئىتى ئەزەلدىن،
قىلچە ۋايىم يېمىگىن، چاپتۇرۇپ ئۆت ئېتىڭنى.
زېدە بولغان تالاي رەت، بوۋاڭ قەلبى ئۆرتىنىپ،
ئېلىپ يۇرمە يېنىڭدا ئەمدى ئۆلۈم خېتىڭنى.

نۇسرەت قۇچۇپ بىر كۈنى چىقىپ كەلسەڭ ئورماندىن،
خانتەڭرىمۇ شادلىنىپ، كۆككە مەغرۇر باقىدۇ.

تارام ـ تارام ئېقىنلار بوستانلاردىن قويۇلۇپ،
ئانا تارىم ئۆركەشلەپ، ئۇپۇق تامان ئاقىدۇ.

خۇش ئۇزىغىن سەپەرگە، قاناتلىرىڭ تالمىسۇن،
پۇۋلەپ تۇرار جان ئاناڭ بوۋاڭ ياققان چوغلارنى.
يۇلتۇز ئۆچكەن تۈنلەردە ئوقۇپ بېرەي ئوغلۇڭغا
ئىزلىرىڭدىن پۇتۇلگەن سەلتەنەتلىك قۇرلارنى.

2007 ـ يىلى 7 ـ ماي، ئۈرۈمچى



# ئېتىقاد

سەجدە قىلسام ھەر سەھەردە تېۋىنىپ،
ۋۇجۇدۇمغا تاتلىق سېزىم تارايدۇ.
يەتتە ياشقا ئەمدى تولغان شوخ ئوغلۇم
قىلىقىمغا ھەۋەسلىنىپ قارايدۇ.

چوقۇنىمەن كۆڭلۈمدىكى شۇ يارغا،
ئىشقى ئۇچۇن بولۇپ مەڭگۇ پەرۋانە.
يىمىرىلمەس ساداقىتىم قىلچىمۇ،
جەندە كىيىپ ئاتالساممۇ دىۋانە.

سۆيۈش دېگەن ئۇدۇم ئىكەن بوۋامدىن،
قالار مەندىن مىراس يەنە ئوغلۇمغا.
يۈرىكىمدە لاۋۇلدىغان شۇ ئوتتىن
قۇت تۆكۈلەر ماڭغان ھەربىر يولۇمغا.

2011 ـ يىلى 21 ـ فېۋرال، ئونسۇ

## C رايون

ئوخشاش قەۋەت، ئوخشاش ھەتتا ياتاقمۇ،
ھەر ئىككىسى بىر بىناغا جايلاشقان.
بىرى كۈنگەي، بىرى تەسكەي تەرەپتە،
يىراقلاردىن بىر - بىرىگە قاراشقان.

C رايوندا يېتىپتىمەن ئاڭلىسام،
B رايونغا تەۋە ئىكەن تۇرغىنىڭ.
چىللايدىكەن ئوتلۇق سۆيگۈ قەلبىڭگە،
كۆككە بېقىپ تەنھا خىيال سۈرگىنىڭ.

كۆرمىسەممۇ سېنى بىر رەت ئىلگىرى،
كۆرگۈم كېلىپ تۇرار ئەمما نەچچە رەت.
ئاڭلاپ قالسام شوخ كۈلكەڭنى ناگاندا،
ئازابلايدۇ غايىبانە نازاكەت.

ئىككى رايون ئارىسىدا پەقەتلا
بىر قاراۋۇل پوستتا تۇرار گىدىيىپ.
ئۆتۈپ باقاي دېدىم قىزىل سىزىقتىن،
قەدەملىرىم توختاپ قالدى ئەيمىنىپ.

بەلكىم سەنمۇ روجەكلەردىن قارايسەن،
C رايونغا يوشۇرۇنچە تەلمۈرۈپ.

سىغىنغانسەن نۇرلىرىنى قۇياشىنىڭ،
تەنھالىقتا ئەلەم بىلەن خورسىنىپ.

بۈگۈن كېچە B رايونغا ئۆتىمەن،
ساقلاپ تۇرغىن دەملەپ ئىسسىق چېيىڭنى.
مەن شاھزادە، سەن ساماۋى كەپتەردەك،
سوۋغا قىلغىن ماڭا ئاپپاق پېيىڭنى.

قوغلاپ كەلسە ھايال ئۆتمەي قاراۋۇل،
مەن كۆيدۈرەي پەيلىرىڭنى ئاۋايلاپ.
يۇلتۇزلارغا كېتەيلى بىز ئايلىنىپ،
ئايدالادا نۇر چاچايلى چاراقلاپ.

2008 - يىلى 10 - ئىيۇن، ئۈرۈمچى ئېقىندالا



# قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز لىرىكىسى

ئېيتىپ بەرگەن بالا چېغىمدا
مومام يۇلتۇز ئەپسانىسىنى،
كېلىدىكەن قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز
يۇرتىمىزغا ئۇزۇن - ئۇزۇندا،
ئاشۇ ئۇزۇن قۇيرۇقى بىلەن
چىقار ئىكەن سۈپۈرۈپ
يوللىرىنى مەھەللىمىزنىڭ.

ئوغلۇم دەيدۇ پات - پاتلا:
«قاچان كېلىدۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز؟
ئوينىشاتتۇق باللار
قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ.»
كۆز شاملى ۋەجىدىن
خازان تولغاچ يوللارغا
سوراپ قالار ئاشۇنداق
ئايالىمۇ دوق قىلىپ.

ئۈمىدلەرنى ھاپاشلاپ
ئولتۇرىمەن ئايدىڭدا
ئېيتىپ باققىن يۇلتۇزلار
بارمىكەنمەن يادىڭدا؟

مەندىن سالام يوللىغىن
ئۇزۇن قۇيرۇق يۇلتۇزغا.

خىلۋەتتىكى يېزامنىڭ
ئاسمىنىنىڭ چېكى يوق
ھەم قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز يوق.

2002 ـ يىلى 27 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى



# ھەر تاڭدا ئاشىقلار تۇغار كېلەچەك

مۇھەببەت تەپتىدىن يورۇيدۇ دىللار،
بىر تامچە شەبنەمدە مىڭ قۇياش ئەكسى.
مەۋجۇدات كۆلىدۇ جۈپ ـ جۈپى بىلەن،
سۆيگۈگە ھامىلىدار بۇ دۇنيا ئەسلىي.

پەسىللەر ئالمىشىپ تۇرسىمۇ رەت ـ رەت،
ئاشىقلىق مۇقامى چېلىنار پۈتۈن.
شەپەققە ئەگىشىپ قۇياش پاتسىمۇ،
ئاي ـ يۇلتۇز سىردىشىپ تۇرىدۇ ھەر تۈن.

لەيلىنىڭ بېغىدا سايرىسا زەينەپ،
كاككۇكنىڭ ئۈنلىشى مەجنۇنغا تىمسال.
بېلىقلار ئوردىسى سۇ بىلەن گۈزەل،
كاراپلار ئىچىدە تاپىدۇ ۋىسال.

ئىللىتقاچ كۆڭلىنى باھار ئاپتىپى،
روي بېرىپ گىياھلار ئاچار گۈل ـ چېچەك.
بۇ ئالەم سۆيگۈگە تولغانكەن شۇنداق،
ھەر تاڭدا ئاشىقلار تۇغار كېلەچەك.

2011 ـ يىلى 23 ـ فېۋرال، ئونسۇ

# نورۇز سالىمى

كەڭ جاھاننى نۇرغا بۆلەپ، كەلدى ئالەم نەۋرۇزى،
ئەلەم بىلەن ئۇزىدى قىش، مۇڭغا چۆكتى قار ـ مۇزى.

كۆلدە ئۈزسە تورنىلار جۈپ، باغدا بۇلبۇل سايرىشۇر،
زۆھرەسىگە گۇل تاللايدۇ چىمەندە تاھىر كۆزى.

نەۋ باھاردا سۈت ئۇيقۇدىن باش كۆتۈردى مەۋجۇدات،
تولدى نەۋرۇز تەپتىدىن مىڭ كۆركىگە يەر يۈزى.

قۇت چېچىلغان گۈلگۈن دەمدە كۆرۈپ رۇخسار زۇلفىنى،
سۆيگۈ بىرلە نەزم قاتقان يۈسۈف، مەھمۇد، رابغۇزى.

سۇناي دەيمەن ئەزىز خەلقىم، ئىجادىمدىن گۈلدەستە،
ئەل ئىشقىدا كۆيەر بەگزاد، ئەمەس يالغان ھەر سۆزى.

2005 ـ يىلى 21 ـ مارت، ئۈنسۇ

# ئوغلۇمغا

قەدىمىي چىغىناقلاردىن
تارىخنىڭ قىيامىنى قۇيدۇم روھىمغا،
ئورخۇن ـ سېلىنگا ۋادىسىدا
ھۇنلارنىڭ جەسەت سۆڭىكىدىن
ئۇيۇپ قالدى بىر يۈرەك.
ئاتلىق قوشۇننىڭ قىيقاس ـ سۈرىنى
تەمبۇر ئاۋازىغا ئوخشىمىسىمۇ،
چامغۇر ئاقلاۋاتقان ئەر
ئەرلىكىنى سېغىناتتى بەك...

ئەتكى تۇغۇمنىڭ ئۆلۈمىدە
تال چىۋىقنى ئات قىلىپ چاپتى بىر بوۋاق،
مىنىۋالغىنى ئارغىماق ئېتىمىش
قولىدا مىسران قىلىچى بارمىش
بۆشۈك ئەمدى ئۇنىڭغا تارمىش...

پاتمانلاپ كىرىۋالدى قۇياشتەك ئارمان
«ھۇنزاد» دەپ چاقىرغاندا موللام ئىسمىنى،
توققۇز ئۆيدىن يىغىلغان
توققۇز بالا قۇيغاندا قىرىق سۈيىنى
غەيۇرلۇق قاپلىۋالدى جىسمىنى.

كېچە سائەت ئىككىدە
ئۇخلىماقتا بوۋاق
بەلكىم چۈشىدە رەڭمۇرەڭ دۇنيا.
سائەتنىڭ رىتىملىق چىكىلدىشىدا
ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈن ئۇلىنار بىر - بىر.
شام نۇرىدا
ئەلەم بىلەن تولغاق يەپ،
يازماقتىمەن شېئىر...

2006 - يىلى 28 - نويابىر، ئۇنسۇ



# ئون ئۇچىنچى ئىيۇن خاتىرىسىگە

سىم ـ سىم يامغۇر قۇيۇلماقتا سەھەردە،
مۇڭ ئىچىدە ياتار چۆپلەر، ئارچىزار.
گازارمىدا ئولتۇرىمەن خىيالچان،
يار ئىشقىدا بولۇپ مەجنۇن، ئىنتىزار.

كۈيچى قۇشلار نەلەرگىدۇر يوقالغان،
ھۆكۈمراندۇر تەبىئەتكە جىمجىتلىق.
قېنى كۈلكە، مۇھەببەتلىك پىچىرلاش؟
ھېسلىرىمنى بېسىپ تۇرار غېرىبلىق.

ساداقەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى، قىممىتى
بىلىنەركەن ئايرىلىشتا، ھىجراندا.
يوق بۇ يەردە ماڭا شادلىق قىلچىمۇ،
كۈنۈم ئۆتەر سېغىنىشتا، پىغاندا.

ئۇچۇپ بارسام بۇلۇتلارغا مىنگىشىپ،
چىقارمىكىن ئاي يۇزلۇكۈم ئالدىمغا.
يامغۇر بولۇپ چاچلىرىنى نەمدىسەم،
ياقارمىكىن يۇرىكىنى باغرىمغا.

سىم ـ سىم يامغۇر ياغار بەلكىم، ئەتىمۇ،
بارچە جانلىق چىقارمايدۇ ھېچ تىۋىش.

شېئىر يازدىم ئون ئۈچىدە ئىيۇننىڭ،
مىسرالاردا قالدى تاتلىق سېغىنىش.

2009 ـ يىلى 13 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى ئېقىندالا



# ئۆزۈمگە يېزىلغان خەت

ئاخشام سائەت ئىككى بولغاندا
مەن ئۆزۈمگە ئەمەس ناتونۇش،
چۈشلىرىمنىڭ شەھۋەتلىرىدىن
پاھىشىدەك بولغانمەن بىھوش.
يۆلىمىگەن ئەمدى قايتا رەت
يۈلتۈز بولۇپ چېچىلىپ كېتەي
تېرىۋالسۇن قۇشلار تۇشمۇتۇش.

ئايىغىمغا مۇخلار چىرماشقان
يوللىرىمدا قىسمەت ياتىدۇ.
مۇدھىش تۈننىڭ سوغۇق شامىلى
نەشتەر بولۇپ جانغا پاتىدۇ،
كاززاپ شامال ئاپتۇ ئوغرىلاپ
بوياقچىنىڭ بوياقلىرىنى
يۈرەكلەرگە رەڭلەر ئاقىدۇ.

دوقمۇشتىكى پەلسەپە
ئىستولبىغا چاپلانغان جىنسىيەت ئېلانلىرى
مەسخىرىلىك كۈلىدۇ ماڭا
نېمە دەيمەن ئاڭا...
بىر ئۆمۈرلۈك، قەھرلىك
ئاچچىقىم بار يەنە.

ئىچكۈم كېلىپ تۇرار ئەزەلدىن
شارابىنى ئۆمەر ھەييامنىڭ
ئىچىپ باقمىدىم تا بۈگۈنگىچە
بولۇپ كەتتىم ئەمما ئېغىر مەست.
ھايات شۇنداق خۇلقى يامان قىز
ئۈۋۈلمىقىڭ تەستۇر، بەكمۇ تەس.

تىنچ قويغىن بۈگۈن بىر كېچە...
پۇرىتۋالاي تىنىقلىرىڭنى،
ئۆز - ئۆزۈمنى سۆيەي قانغۇچە.
مۆكسىرىغان مەندەك ئۇيغۇرنى
تونۇۋالسۇن غەمكىن شەھرىزات
ھېكايىنى ئېيتىپ بولغۇچە.

2008 - يىلى 23 - سېنتەبىر، ئۈنسۇ



# فېۋرالدىكى مەن

تۆت كوچا ئېغىزى ياسانغان تۇزدەك،
قولىدا ئەتىرگۈل تۇرار ھۆپپىدە.
قۇشلارنىڭ ئۈنلىشى شۇ قەدەر گۈزەل،
يوللاردا مۇھەببەت يۈرەر لىققىدە.

تولۇن ئاي جىلمىيىپ قارايدۇ چەتتە،
بوشلۇقتا سوزۇلۇپ ياتار يورۇق ئىز.
كۆتكەندۇ روجەكتىن قاراپ نەچچە رەت
پادىچى يىگىتنى توقۇمىچى قىز؟

چوغ يېقىپ بىر يۈرەك قىلدى تىلاۋەت،
موھتاجلىق تۇرسىمۇ باغرىنى يالماپ.
تۇمارغا پۈكۈلدى تاتلىق لىرىكا،
سۆيگۈگە يول ئاچقان ۋىناسقا ئاتاپ.

2009 ـ يىلى 14 ـ فېۋرال، ئۈنسۇ

# تەزكىرە

ئۆتتى يىللار مىڭلاپ، مىليونلاپ،
دەستە ـ دەستە پۈتۈلدى تارىخ.
تەكلىماكان، تەڭرىتاغلىرى
تالاي ـ تالاي قىسمەتكە شاھىت.

سۆزلەپ بېرەر قۇم بارخانلىرى
ئوغۇزخاننىڭ يۈرۈشلىرىنى.
ئېيتىشىدۇ رىۋايەت قىلىپ،
ئىسكەندەرنىڭ ئۇرۇشلىرىنى.

دولقۇنلايدۇ تۈمەن دەرياسى،
تارام ـ تارام قۇيۇلغان ياشتىن،
سۈكۈناتقا تولغان خانتەڭرى،
ئاچچىق كەچمىش ئۆتكەچكە باشتىن.

شۇنداق، بۇلار ھەممىسى تارىخ،
بالىلىقى ـــ ئويچان بۈگۈننىڭ.
ھەربىر گىياھ، ھەر زەررە تۇپراق،
يۈرىكىمنىڭ پارىسى ئۇنىڭ.

كەچمىشلەرگە بايدۇر بۈگۈنمۇ،
سۆزلەپ بەرسە چۆللەر ئەگەردە.

خۇددى مورگان ئېيتىپ ئۆتكەندەك:
«ھاياتلىقنىڭ سىرى بۇ يەردە.»

2000 ـ يىلى 2 ـ ئىيۇل، ئونسۇ

# سۆيسەڭ ئەگەر

گۈلۈم، مېنى سۆيگىنىڭ راستمۇ؟
كۆزلىرىمگە ئويچان باقىسەن.
شۇ سۆيۈملۈك قاراشلىرىڭدىن
يۈرىكىمگە ئوتلار ياقىسەن.

سۆيسەڭ ئەگەر مېھرىڭ بىلەن سۆي،
پاك سۆيگۈمىز كۆكلىسۇن شەكسىز.
قانات ياسا ئېتىقادىڭدىن،
ساداقەتنىڭ پايانى چەكسىز.

ۋاپادارلىق بولسۇن تىلتۇمار،
ئەقىدىمىز كۆلسۇن دىللاردا.
يەتتە ئاشىق ـ مەشۇق قاتارى
رىۋايەتلەر قالسۇن تىللاردا.

2009 ـ يىلى 21 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى ئېقىندالا

# ساۋاقداشلار خاتىرىسىگە

جەم بولغان تەقدىرنىڭ ھىممىتى بىلەن
يەزىلەت، مەرىپەت گۈلىستانىغا.
«خوش» دېدۇق يېتىلىپ قاناتلىرىمىز
دوستلۇقنى كۆكلەتكەن ئېرپان كانىغا.

چېچىلدۇق تارىمنىڭ ئېتەكلىرىگە،
ھاياتنىڭ كۈيىگە ھەممىمىز رەققاس.
بىر ئوت بار ۋە لېكىن يۈرىكىمىزدە،
ھەممىمىز گوياكى قۇياشقا تەققاس.

قەدىمىي چۆللەرنىڭ كولدۇرمىلىرى،
ھەر سەھەر چىللايدۇ يېڭى سەپەرگە.
نېمە ئۇ قايغۇرۇش ئەجەل - زەربىدىن؟
قەدەملەر كۆنۈكتۇر نۇسرەت - زەپەرگە.

ئېتىقاد پاكلايدۇ ۋۇجۇدىمىزنى،
خورچىمىز، مېھنەتتىن ئېيتايلى غەزەل.
قارا تۈن يىغلىسۇن پەريادى بىلەن،
ئەۋلادلار قەلبىدە ياندۇرۇپ مەشئەل.

2011 - يىلى 22 - فېۋرال، ئۈنسۇ

# ياش ۋە كۆلكە

بوۋام ئېيتقان:
«بالدۇر چىققان قۇلاقتىن
كېيىن چىققان مۈڭگۈز يامان.»
ئەر سۆزىدە ھېكمەت بار
ئەل سۆزىدە ھېكمەت بار
تاغ كەينىدە تاغ بار ھامان!

مېنى كارۋانسىز دېمە
ئۇچراپ قالدۇ
كارۋانلىرىم ھەر يەردە.
ياقا ئېتەك بولار
ئېتەكلەر ياقا
پاقا بۈركۈت بولۇر
بۈركۈتلەر پاقا
تونۇمىساڭ ئەگەردە.

مەيلى تاغ ئايلىنىپ كەلسۇن
مەيلى باغ ئايلىنىپ كەلسۇن
ھەممىسى ئوخشاش.
مەن يەنىلا چۆلدىكى يۇلغۇندەك
قومۇشلۇقتىكى بۇلاق سۈيىدەك

سىم ـ سىم يامغۇردەك
تۆرىمەن ياپياش.

كەيپلىككە بەك خۇمارىم بار
ئىچكۈم كېلىپ تۇرار ئاپقۇرلاپ،
تىلاۋەت قىلىپ ئۆتۈۋاتىمەن
مەست يۈرۈشنى ھەييامدەك.
لېكىن
يانچۇقۇمدا پۇلۇم يوق
ئوغرىلاپتۇ قۇيۇنلار
كەمەك ھەيياردەك.

مېنى بىردەم يالغۇز قوي
پۈرىۋالسۇن جەسەتلەر
تونۇۋالسۇن
زومچەك ـ زومچەك قەبرىلەر.
ئەتە بۇ يەردە
بەلكىم
سۆڭەكىمنى نەي چېلىپ
ئوينامدۇ تېخى
كەپسىز نەۋرىلەر؟

2011 ـ يىلى 22 ـ فېۋرال، ئونسۇ

# ئايدىڭدىكى غېرىبلىق

قاچقانىمدۇ پەرىلەرنىڭ ئۇيقۇسى،
يۇلتۇز بولۇپ جىمىرلاپتۇ ھەممىسى.
زېمىن تۆكۈپ قالارمىكىن ئاچچىق ياش،
ئالقۇنلاردەك يوقاپ كەتسە ئەتىسى.

ئاسمىنىمدا چاقناپ ئۆتكەن سەنمۇ ھەم،
نۇر ـ زىياغا چۆمگەن قىرغاق ـ ئاراللار.
دەرياسىدا ئەللەيلىنىپ سۆيگۈنىڭ،
قاناتلىنىپ پەرۋازلانغان خىياللار.

خازان چۈشۈپ مۇڭسىراپتۇ باغچىدا،
سېنى ساقلاپ ئۇخلاپ قالغان ئورنۇمغا.
سوۋغا قىلغان ئون تۆتىدە فېۋرالنىڭ
ئەتىرگۈلنىڭ ھىدى كېلەر بۇرنۇمغا.

ئۆتەرمەنمۇ قىسمەتلەرگە ياندىشىپ،
كەتتىمۇ يا پۈتۈن دۇنيا تارلىشىپ؟
جاۋاب بەرمەس شۇ تاپ ماڭا ھېچنېمە،
يۇلتۇزلارمۇ تۇرار بىر خىل قارىشىپ.

2006 ـ يىلى 9 ـ ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# قەلب سوۋغىسى

سېنى دىلدىن سۆيىمەن دىلبەر،
تەشۋىشلىنىپ قىلمىغىن گۇمان.
ئاسمىنىڭدا قۇياشمەن، بىلسەڭ،
يوللىرىڭنى باسمىسۇن تۇمان.

ئۆرتىمىسۇن قەلبىڭنى يىغا،
ئازاب دېغى ئۆچسۇن قاراقتا.
ئوقۇڭ بولۇپ تېگەي پەللىگە،
ئەقىدەڭدىن كەرگەن ساداقتا.

مۇھەببەتنى چىللايدۇ دۇنيا،
سۆيگۈ بىلەن گۈزەل ئەزەلدىن.
يەتتە ئاشىق ـ مەشۇق قاتارى،
نەزم ـ ئەشئار يېزىلسۇن بىزدىن.

2006 ـ يىلى 17 ـ فېۋرال، ئونسۇ

# پارىلدايدۇ كۆزلىرىمدە مىڭ قۇياش

نەۋ باھاردىن بەردى بىزگە بىشارەت،
قارلىغاچلار پېشايۋاندا ۋىچىرلاپ.
«نورۇز كەپتۇ» دېدى ئاستا سەھەردە،
بوۋايلارمۇ مومىيىغا پىچىرلاپ.

ياڭرىماقتا شادلىق كۈيى، تەنتەنە،
قىيام بولدى تەبىئەتنىڭ كۆركى.
ھايات ئۈچۈن ئالقىش ئېيتتى مەۋجۇدات،
سۆيگۈ چىللاپ تۇرار ئوتلۇق يۈركى.

باھار دېگەن ئەنە شۇنداق لەززىدۇر،
ئۆتىدىكەن قەھرىتاننى يىغلىتىپ؛
دوقال قانچە سوزۇلسىمۇ ئۇزاققا،
قوغلايدىكەن ئاستا ـ ئاستا ئىللىتىپ.

ئاۋام كۆڭلى ئوخشاپ قالار باھارغا،
مەن مىسالى كۆكلەمدىكى چۆپ ـ ئوتياش.
ئېمىۋالدىم ئاپتىپىدىن باھارنىڭ،
پارىلدايدۇ كۆزلىرىمدە مىڭ قۇياش.

2011 ـ يىلى 18 ـ مارت، ئۈرۈمچى

# ئاداۋەتنىڭ بىر يۈزى

يول بەرگىن ئاداشقانغا جىلغىلاردا،
پارلىسۇن تاتلىق ۋىسال تىلەكلەردە.
رەقىبكە چاي سۇنۇپ قوي چاڭقىغاندا،
خۇشاللىق ئورناپ قالسۇن يۈرەكلەردە.

گۈل ئەمەس ئېچىلسىلا ئۈچرىغاننىڭ،
ھەم يەنە تىكەن دىمە قولغا پاتسا.
كېچىنى كېپەنلەيدۇ ئالتۇن قۇياش،
چېچىلىپ ئوتقاش شەپەق، تاڭلار ئاتسا.

بۇ دۇنيا سۆيى ئەلۋەك گۈزەل بوستان
قۇشلىرى مۇھەببەتنى كۈيلەيدىغان.
بىز ئۇندا كۆككە ئۆسكەن يېشىل چىنار،
چىن سۆيگۈ، ئېتىقادتىن كۆكلەيدىغان.

ئاچچىقتىن ھۆرپەيگىنى يولۋاس ئەمەس،
يىگىتتۇر يۈرگەن ئەلنىڭ پىراقىدا.
دوستلۇقتىن چېچەك ئاچسۇن ئىقبالىمىز،
مىڭ تۇغۇم جىلۋە قىلار بىر ئەپۇدا.

2011 ـ يىلى 21 ـ فېۋرال، ئونسۇ

# جاۋاب خەت

خېتىڭدە «مەن سېنى سۆيىمەن» دەپسەن،
پاساھەت ياغىدۇ ھەربىر قۇرلاردىن.
راست سۆيسەڭ ئېتىقاد، ساداقەت ئىچرە،
سورىغۇم كېلىدۇ سوئاللار سەندىن.

شېرىنىنىڭ ۋەسلىگە يەتمىكىڭ ئۈچۈن،
پەرھاتتەك قۇربانلىق بېرەمسەن بىۋاق؟
پەرۋىشسىز قالدۇرساڭ سۆيگۈ گۈلىنى،
نە چاچار ئەتراپقا قايتا خۇش پۇراق؟

جان بېرىپ سولاشقان نىمجان گىياھقا،
قاغجىراق چۆللەردە بولامسەن ئىقىن؟
تۈن قۇشى ھۇۋۇقۇشنى تىترىتىپ «دىر - دىر»،
زۇلمەتلىك كېچىدە چاقنىغان چېقىن؟

پاك سۆيگۈ جۇلالىق كېلىدۇ ھامان،
مېھرىگە تويۇنۇپ كەلگىن ئالدىمغا.
ۋۇجۇدۇڭ تويۇنسا ئەھدە - ۋاپاغا،
قوش قوللاپ تۇتىمەن يۈرەكنى ساڭا.

2009 - يىلى 20 - فېۋرال، ئۈنسۇ

# سۆيگۈ مەكتۇپى

جىلۋە بىلەن يۇمران چىمەندە
كۆز قىسىدۇ ماڭا شوخ بۇلاق.
يوشۇرمىغىن سۆيگۈڭنى دىلدار،
سىرلىرىڭنى تۆكەر تۆتقۇلاق.

يوللىرىڭغا سېپىدۇ زەمزەم،
ۋەسلىڭ ئۇچۇن مەندىكى تىلەك.
مۆكۈۋالما بۇلۇت كەينىگە،
لەۋلىرىڭدىن سۇ ئىچسۇن يۈرەك.

غەلۋىرىدە تاسقايدۇ شۇنداق
سۆيۈشمۇ ھەم، سۆيۈلۈشمۇ ھەم.
قولۇڭنى بەر، كۆلەيلى خۇشال،
يەر شارىدا قالمىسۇن دەرد ـ غەم.

2007 ـ يىلى 5 ـ ماي، ئۈنسۇ

## ئىدىيە

ساھىبجامال ھۆر - پەرى
كىرىپ كەلدى بىر ئۆيگە
ئۇخلاپ قېلىپ كېچىچە
بولۇپ كەتتى پاھىشە.

2002 - يىلى 16 - ئىيۇن، ئۇنسۇ



## سۆيدۈرەرسەنمۇ

تولۇن ئايدەك سۈلكىتىڭ بىلەن
مەپتۇن قىلىپ يۈردۈرەرسەنمۇ؟
ئىشقىڭ ئۇچۇن بولدۇم پەرۋانە،
ئوتلىرىڭدا كۆيدۈرەرسەنمۇ؟

لەيلى بولساڭ، مەجنۇنۇم دېگىن،
ۋىسالىڭدىن كۈلدۈرەرسەنمۇ؟
گۈل سورىغان ئېتەكلىرىمنى
چېچەكلەرگە تولدۇرارسەنمۇ؟

ئوكيانىدا مېھىر - ۋاپاڭ
بېلىقلاردەك ئۈزدۈرەرسەنمۇ؟
پايانىڭغا شۇڭغۇسام ئاستا،
دۇر - سەدەپلەر سۈزدۈرەرسەنمۇ؟

قەھرىتاندا مۇزلىسا تېنىم،
قىزىقىڭنى بىلدۈرەرسەنمۇ؟
پىچاق ئۇرسا رەقىب كۆكسۈمگە،
قولۇڭ بىلەن ئۆلتۈرەرسەنمۇ؟

ئاساۋ ئىدىم بوز دالالاردا،
رايىشلىققا كۆندۈرەرسەنمۇ؟

چۇقانلىرىم ئەمەس ئەپسانە،
جاۋاب بەرگىن، سۆيدۇرەرسەنمۇ؟

2011 - يىلى 22 - فېۋرال، ئۇنسۇ



# ئىيۇندىكى سېغىنىش

جاندىن ئۆتۈپ يالغۇزلۇق، چىلبۆرىدەك ھۇۋلايدۇ،
جەنۇبتىكى مەسۇم يار، بەلكىم مېنى كۈتەرمۇ؟
نازىنىنلار رەتمۇرەت كۆكتۇللەرنى ئۇۋلايدۇ،
بىراق سۆيگۈ مۇقەددەس، ھالال جۇپكە يېتەرمۇ؟

ئايدالادا يار بىلەن مۇھەببەتلىك بېقىشقان،
ھەر ياپراقتا سىيماسى كۆزلىرىمگە تاشلىنار.
كۆلدە ئۈزۈپ تۇرنىلار، شاختا بۇلبۇل ئۇنلىسە،
خىيالىمدا بىر تاتلىق ئەسلىمىلەر باشلىنار...

مامكاپ گۈلى ئېچىلغان باراقسانلىق يوللاردا،
كۆلكە ياڭراپ تۇرسىمۇ، دىلىم سۇنۇق ئۆتىدۇ.
ئالتۇن تەخت راسلاقلىق يارغا قەلبىم تۆرىدە،
چاپچىپ تۇرغان ھېسلىرىم ۋىسالىنى كۈتىدۇ.

تاغ شامىلى توختىغىن، تىنىقىمنى ئېلىپ كەت،
شېرىن سۆزلۈك دىلبىرىم ھىدلىۋالسۇن ھەۋەستە.
مەن بارىمەن ئىيۇلدا، ياشلىمىسۇن كۆزىنى،
سېغىنچىمدىن، مېھرىمدىن تىزىپ رەڭدار گۈلدەستە.

2009 ـ يىلى 12 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى ئېقىندالا

# ياشلىق

ھاياتقا گۈل چېكەر ياشلىقنىڭ پەسلى،
سۆيگۈدىن سۇ ئىچەر ئاشىقلار ۋەسلى.
ئاقىدۇ ئۆركەشلەپ تومۇرۇڭدا قان،
تەنلەرگە كەۋسەردۇر ياشلىق ئۇ ئەسلى.

ياشلىقتا يېتىلەر ئېتىقاد ـ غۇرۇر،
داۋاندىن ئۈركۈمەي ئۆتەرسەن مەغرۇر.
كۈچ ئېلىپ ئۈنىڭدىن ياشايسەن بەردەم،
ئەجرىڭدىن بېرىدۇ ساڭا تەم ـ ھۇزۇر.

مەڭگۈلۈك ئەمەستۇر ياشلىق، ئۇ قىسقا،
چىرايلىق باھارمۇ تۈتىشار قىشقا.
ئەجدادلار نۇرلىرى چاقنار يولۇڭدا،
چاپتۇرغىن ئېتىڭنى ئۇلۇغۋار ئىشقا.

2006 ـ يىلى 10 ـ ئاپرېل. ئۈرۈمچى

# پىنھاندىكى سۆيگۈ

تۈن قوينىدا چولپان بولۇپ پارلىدىڭ،
غەمكىن دىلىم نۇرغا تولدى سېنىڭدىن.
ئوتلاپ چىقتىم ساداقەتنىڭ مېھرىنى
سۆيگۈ تولغان ھارارەتلىك ھىدىڭدىن.

ئورمانلاردا ھۇۋلاپ كەلسە بۆرىلەر،
ھالاكەتكە ئىز سالمىدىم بىرەر رەت.
يارالمىشىڭ ماڭا بولغاچ تەسەللى،
قۇيۇلىدۇ ھەر قەدەمدە كۈچ ـ قۇدرەت.

زىبالىقىڭ خىجىل قىلار پەرىنى،
پەزىلەتتە ئەنداز جىمى ئالەمگە.
مۇھەببەتتىن كۆكلەر ئىكەن بۇ دۇنيا،
ھالال سۆيگۈ شادلىق تاجى ئادەمگە.

شېرىن بولساڭ يوللىرىمدا مەڭگۈلۈك،
پەرھاد كەبى سۇلىرىڭدا ئاقايمەن.
كۈلكەڭ ئۇچۇن تىغ كۆتۈردۈم ياۋلارغا،
پاك سۆيگۈمدىن ساڭا بېزەك تاقايمەن.

2005 ـ يىلى 5 ـ ئاۋغۇست، ئونسۇ

# ھايات ــ مەڭگۈ قەلبىمىزدە ھاياتتۇر

(ساۋاقدىشىم، شائىرە ھاياتنىساپۇس مۇھەممەتنىڭ
ۋاپاتىغا بېغىشلايمەن)

تارالغاندا سېنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىڭ،
يىغا تۇتتى سانسىزلىغان يۈرەكنى.
ئۈچ مۇچىلىڭ چىراي ئاچقان ئەمدىلا،
ئېلىپ كەتتىڭ گۈزەل ئوتلۇق تىلەكنى.

ھايات تېخى ھايات دەپلا يۈرۈپتۇق،
كەلگەنىكەن شۇم ئەجەلنىڭ جۇت ـ قىشى.
تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ھەم شىمالدا،
ئاقتى ئۇزاق «كۈچۈكلەرنىڭ كۆز يېشى»*.

بەرگەنىدىڭ «خانىملارغا مەسلىھەت»*،
«ئائىلىقنىڭ سەپىرى»*دە رەتمۇرەت.
ئۈچرىسىمۇ تالاي «رەڭدار كۆلەڭگە»*،
بولمىغانتى سىنچى كۆزۈڭ رام ـ غەلەت.

ماكان ئىدى ساڭا «ئىپپەت ئارىلى»*،
ئېتىقادتىن قىلىپ كەلدىڭ شىكار ـ جەڭ.
چۇقان سالدىڭ خانىم ـ قىزلار سەمىگە،
«چىن ئايالدەك ياشاش ئەڭ زور غەلىبەڭ»*.

ئۇنۇڭ قالدى مۇنبەرلەردە جاراڭلاپ،
سۆزۈڭ قالدى قانچە ئاپپاق بەتلەردە.
دىلكەشلىرىڭ ئىزتىراپتا مۇڭلىنىپ،
هازا تۇتتى چوڭقۇر ئەلەم ـ دەردلەردە.

ئۆلۈم ۋەزنى ئوخشىماسكەن ئەزەلدىن،
بار كائىنات ياش تۆكەركەن بەزىدە.
ئەزىز ئىدىڭ ئالىمىدە سۆيگۈنىڭ،
بىر نادامەت تاشلاپ قويدۇڭ ھەممىگە.

پىكىرلىرىڭ چاقناپ تۇرار ئۇنچىدەك،
تۇمانلاردا ئاداشقانغا ماياكسەن.
ئىجادىڭدىن تىكلەپ چىقتىڭ زەر مۇنار،
سەن ئۆلمىدىڭ، قەلبىمىزدە ھاياتسەن.

ياتقان يېرىڭ جەننەت بولسۇن، ئەلۋىدا،
قۇشلار ئۇنلەپ تۇرغاي روھىڭ قېشىدا.
ئەۋلادلىرىڭ تىنىقلىرى ئۈزۈلمەس،
گۈل ئۈندۈ سىنىڭ قەبرەڭ بېشىدا.

2011 ـ يىلى 11 ـ سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

* شائىرەنىڭ شۇ نامىلىق ئەسەر ۋە توپلاملىرىنى كۆرسىتىدۇ.

# ئوتتۇز سەككىز يېشىمدا

رەڭدار خىيال، تۇيغۇلار چۇقان سالار بېشىمدا،
نازىنىنلار رەتمۇرەت تىزىلىپ تۇرار قېشىمدا،
تېتىمايدۇ تىلىمغا، توپا بارمۇ ئېشىمدا،
ئىچىم ئاچچىق بەزىدە، ھېيت ئويىنىدىم تېشىمدا،
ئويغا چۆكتۈم ساۋاقتىن ئوتتۇز سەككىز يېشىمدا.

دوست ئەمەسكەن ھەممىسى، قول بەرگەنىنىڭ ئەسلىدە،
سەمىمىيلىك، سۆزۈكلۈك قالغاندەكلا يەسلىدە،
سىنىلاركەن ئەزىمەت ھەق ـ ئادالەت پەسلىدە،
باھادىرلىق نە بولسۇن نانكورلارنىڭ نەسلىدە،
كۆزۈم ئاچتىم ماماتتىن، ئوتتۇز سەككىز يېشىمدا.

ئۈلپەتچىلىك ۋاقىتسىز يادەك ئەگدى بېلىمنى،
ھەمراھ قىلدىم ئۆزۈمگە نەشە، غاڭزا، چىلىمنى،
ئىچىملىك ھەم چېكىملىك كېكەچ قىلدى تىلىمنى،
قىيامەتنىڭ سورىقى كېلىپ بوغدى گېلىمنى،
جۇدالاشتىم قاۋاقتىن ئوتتۇز سەككىز يېشىمدا.

ياشاپتىمەن سايىقتەك ئەسەرمۇ يوق غايەمدىن،
بەرمەپتىمەن بىراۋغا مېۋىلىرىم، سايەمدىن،
خادا تاشلار كۆپ بوپتۇ ئەلگە بولغان پايەمدىن،

سەزمەيتىمەن قىلچىمۇ كۆلكە، شادلىق ئايەمدىن،
قىزىرىمەن ئۇياتتىن، ئوتتۇز سەككىز يېشىمدا.

ئۆگۈت بولغاي دىلىمغا ئېتىقادىم، ئىمانىم،
يولىمىسۇن قايتىلاپ تەشۋىشلىرىم، گۇمانىم.
پەزىلەتنىڭ كۆكىدە تارىماقتا تۇمانىم،
يىللار بىلەن كۆرىشىپ چېچەك ئاچسۇن ئارمانىم،
ئۆركەش ياساي هاياتتىن، ئوتتۇز سەككىز يېشىمدا.

2012 ـ يىلى 29 ـ دېكابىر، ئونسۇ



# تەنھا سۆيگۈ

تونۇشقانتۇق ماي ئېيىنىڭ بىرىدە،
مەسۇم كۈلكەڭ شوخ پارلىغان زىنىختا.
ئوتلۇق ھىدىڭ تۇرار ئىدى گۈپۈلدەپ،
نىگاھىڭدىن تامچىلىغان سوراقتا.

سەزمەستىنلا چىگىلىپتۇ رىشتىلەر،
گازارمىدا ئۆتكەن ئاشۇ كۈنلەردە.
تىلسىملىنىپ قالدى رەڭدار چۈشلىرىم،
تاغ باغرىدا يۈلتۇز ئۆچكەن تۈنلەردە.

ھەر سۆزۈڭدىن ئەتىر كەبى تۆكۈلەر
ئىپپەت - ھايا، ساپ ئېتىقاد، مۇھەببەت.
قۇرۇپ چىقتىڭ چاڭقاق قەلبىم تۆرىدە
پەزلىڭ بىلەن يىمىرىلمەس سەلتەنەت.

كېتىپ قالساڭ سەيياھلاردەك دېرەكسىز،
يۈرەرمەنمۇ شاماللاردىن سوراقلاپ؟
ئاق بوز ئاتنى مىنىپ بارسام يېنىڭغا،
قويارسەنمۇ مېھرىڭ بىلەن باغاشلاپ؟

خەيرلەشتىم قىيالماستىن سەھەردە،
ئۈمىدلەرگە بولەنگەن ھېس ـ ھەۋەستە.
مۇھەببەتلىك پىچىرلاشقان دەملەردىن
ئەسلىمىلەر ئۆيۈپ قالدى يۈرەكتە.

2013 ـ يىلى 26 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى



# دادام كەتتى

كۆرەشلەردە نەيزە ـ قالقان، دادام كەتتى،
زىمىستاندا لاۋا ـ گۈلخان، دادام كەتتى.
بارلىقىنى تالىق قىلىپ پەرزەنتىگە،
ئۆزى ئاستا بولۇپ پايخان، دادام كەتتى.

ئەجدادلارنىڭ ھېكمىتىدىن ئۈگۈت سۆزلەپ،
بىزنى توغرا يولغا سالغان دادام كەتتى.
سەككىز قىزنىڭ تىرىكچىلىك غېمى ئۈچۈن،
قورۇق بېسىپ، بېلى تالغان دادام كەتتى.

نەۋرىلەرنى ھەر سەھەردە يەسلىلەرگە
ھاپاش قىلىپ يۈدۈپ ماڭغان دادام كەتتى.
ئازار يېگەن بولسىمۇ گاھ بىزدىن كۆڭلى،
كۆرپە سېلىپ كۈتۈپ ئالغان دادام كەتتى.

ئۆزى يېمەي، ئىچمەي يۈرۈپ بىز ئۈچۈنلا،
ئالتۇن تەخت راسلاپ قويغان دادام كەتتى.
ئايەملەردە ئۇرۇق ـ تۇغقان جەم بولۇشساق،
مېھىر بىلەن پاقلان سويغان دادام كەتتى.

ئەجەل يېتىپ باش باھاردا توساتتىنلا،
يۈرەكلەردە قالدى پىغان، دادام كەتتى.

ئانىمىزنى قۇچاقلايلى، ھەممىمىز چىڭ،
ئازابلارغا سىلىپ تۇغان، دادام كەتتى.

2013 ـ يىلى 29 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى



# ھاياتلىق ناخشىسى

ئالتۇن قۇياش سۆيۈپ ئۆتكەچ ھەر كۈنى،
رەڭگە تولغان بۇ زېمىننىڭ چۇشلىرى.
نېمە قىلسۇن چىمەنلەرنىڭ جەزبىسى،
بولمىسا گەر ئۇنلەپ تۇرغان قۇشلىرى؟

بوران ھۇۋلاپ، يۇلتۇز ئۆچكەن تۈنلەردە،
ئەزگۈ ئۈمىد ۋۇجۇدلارنى پەرلەيدۇ.
بارخانلارغا نەۋ باھارنى ئەسلىتىپ،
بىر يېشىل نۇر ئۇپۇق تامان ئۆرلەيدۇ.

توغراقلارنىڭ كەچمىشلىرى بەك قىزىق،
گۇۋاھ بولار يېڭىلىشكە ـ يېڭىشكە.
مىسكىنلىكنى خىياللاردىن قوغلايدۇ،
چىللاپ تۇرار بىزنى تاتلىق كۈلۈشكە.

ياش تۆكۈشلا ئەمەس ھايات ئەزەلدىن،
قايغۇ ـ شادلىق ھەمراھ بولۇپ ماڭىدۇ.
ئەل بېشىغا دەسسەپ كۆكتە ئۇچقانلار،
ھامان بىر كۈن چۆلدە ياياق قالىدۇ.

قەلبلەرگە قۇيۇلماقتا نۇر ـ زىيا،
ئۇدۇملاردىن شىرنە يىغىپ تاڭلاردا.

كۆكلەپ چىقار بەلكىم قىزىل يۇلغۇنلار،
بوۋام ئاتلىق يۈرگەن ئېدىر - سايلاردا.

قانات بولسا دائىم ئىشەنچ، ئېتىقاد،
ۋۇجۇدلاردا قالار يەنە نە ئارمان؟
ئىزىمىزدىن جەڭنامىلەر پۈتۈلۈپ،
پەخىرلىنىپ كۈلەر ئەۋلاد شادىمان.

2013 - يىلى 15 - ئىيۇن، ئۈرۈمچى



# ئەسلىدە ھايات دېگەن بىر گۈل ئىكەن

كېپىنەك سەيلە قىلغان چىمەنلىكتە
پۈرىدىم ھەۋەس بىلەن گۈل ھىدىنى.
قولۇمغا سانجىلىپتۇ ئۆتكۈر تىكەن،
سۇندۇرسام بىتاقەتتە گۈل شېخىنى.

ئەسلىدە ھايات دېگەن بىر گۈل ئىكەن،
ئۆزۈشنى بىلمىگەنگە يار ئىكەن ئازاب.
باغرىنى تولدۇراركەن خۇش پۇراقتا،
گۈل سىرىن چۈشەنگەنلەر خۇشال يايراپ.

2013 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى



# ھايات دېگەن بىر دېڭىز ئىكەن

ئۆركەشلەپ داۋالغۇغان دېڭىز ئىكەن
بىز سۆيگەن، بىزنى سۆيگەن ھايات دېگەن.
بۆرىدەك ھۇۋۇلىسىمۇ ئۇپقۇنلىرى،
مەڭزىدە تاتلىقتىنا قۇياش كۈلگەن.

ساھىلدا ئولتۇراركەن ئۈمىد بىلەن
ئادەملەر سانجاق ـ سانجاق قارماق تاشلاپ.
بەزىلەر چۇقان سالسا ئولجىسىدىن،
بەزىلەر قايتىشاركەن كۆزىنى ياشلاپ.

بېلىقلار ئوردىسىدا توقۇلاركەن
يارالمىش قىسسىسىدىن گۈزەل ناخشا.
تاقاركەن ساداقەتتىن ئالتۇن بېزەك،
كىمىكى گۈل ھاياتقا يۈرەك ياقسا.

ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتىم ئۇپۇق قوغلاپ،
كۆزۈمدىن غەلەتلەندى يېشىل قىرغاق.
خۇش چىراي تۇرسىمۇ گەر سۈزۈك ئاسمان،
دىماققا پۇراپ تۇرار ئۆلۈم ھەر ۋاق.

دوقالدا لەيلىمەكتە كىچىك كېمەم،
ھاياتنىڭ سىنىقىدۇر بولار بەلكىم.
ھەر سەھەر خىتابلىرىم جاراڭلايدۇ:
«تەقدىرنىڭ تۆمۈرچىسى ئۆزى ھەركىم.»

2013 - يىلى 13 - سېنتەبىر، ئۈنسۈ



# سۇرتۇۋۇەتكىن دەردلىك يېشىڭنى

سېنى قايتا ئۇچراتتىم يەنە،
ياتىقىڭنىڭ روجەكلىرىدىن.
ياش ئاققۇزغان پېتى تۇرۇپسەن،
كۆزلىرىڭنىڭ جىيەكلىرىدىن.

گۈل چىرايىڭ شۇ قەدەر سۇنۇق،
غەمكىن كۆككە بېقىپسەن ئۇنسىز.
ئۇستىلىڭدە تاشلاندۇق بىر شام،
سۇس لىپىلداپ تۇراتتى نۇرسىز.

ھەسرەتلەنمە، داغلىمىسۇن غەم،
سۇرتۇۋۇەتكىن دەردلىك يېشىڭنى.
«باھارنىڭمۇ قار ـ جۇدۇنى بار،»
ئىزتىراپتىن كۆتۈر بېشىڭنى.

مۇدھىش دېمە، يېقىنشلىقتۇر ھەم،
يۇلتۇزلىرى يانغان ياز تۈنى.
ھەمراھ بولسۇن ساڭا بۇ ئاخشام،
تال باراڭدا كاككۇكنىڭ ئۈنى.

2013 ـ يىلى 15 ـ سېنتەبىر، ئۈنسۇ

# يامغۇر بولۇپ تامچىلىسام گەر

يامغۇر بولۇپ تامچىلىسام گەر،
چاڭقىغانغا زەمزەم تەڭلىسەم.
قاغجىرىغان چۆلنى ياشنىتىپ،
گۈلگە تولغان بوستان ئەيلىسەم.

رەنجىشىگە بولۇپ ھەمداۋا،
مىسكىنلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتسام.
ئەل بېشىغا قامچا ئۇرغاننى،
كەلكۈن بولۇپ پۈتۈنلا يۇتسام.

ئاشىقىنى كۈتكەن جانانىنىڭ،
چاچلىرىنى سىلاپ تارىسام.
ھەسەن ـ ھۈسەن ئاراچلىرىدىن
ھەۋەسلىنىپ ئاستا قارىسام.

گىياھلارنىڭ يىلتىزلىرىغا،
تومۇزلاردا سىمىلداپ ئاقسام.
ئارمىنىم يوق بۆلەك قىلچىمۇ،
ئانا زېمىن باغرىغا قانسام.

2013 ـ يىلى 6 ـ ئۆكتەبىر، ئونسۇ

# ئۈۋۈنىڭ پىغانى

خىلۋەتتىكى قويۇق ئورماندا،
غېرىب ئۈۋۈ تۇرار مۇڭسىراپ.
كۆزلىرىدە ئېغىر خورسىنىش،
شەپەق سۆيگەن ئۇپۇققا قاراپ.

ئاستا ـ ئاستا ئۇچۇرما بولۇپ،
نەلەرگىدۇر كەتكەن قۇشلىرى.
تۆكۈلىدۇ سىم ـ سىم يامغۇردەك،
سېغىنىشتا ھىجران ياشلىرى.

ئىللىتاتتى باغرىنى ھەر چاغ،
ۋىچىرلاشلار ئاجايىپ تاتلىق.
بىلمىنەركەن باشقا كەلگەندە،
جۇدالاشماق نەقەدەر قاتتىق؟

ئاشۇ قۇشلار يۈرگەندۇ نەدە؟
قايسى باغدا ۋە ياكى تاغدا؟
خىيالىدا ئەگىيدۇ تەشۋىش،
قويارمۇ دەپ مەڭگۈلۈك داغدا.

خازان تاشلاپ يېشىنىدى ئورمان،
هۆۋلاپ تۇرغان قىشقا ئەگىشىپ.
غېرىب ئۇۋا ئاۋۋالقىدەكلا،
ئۇھسىنىماقتا كۆككە چىرمىشىپ.

2013 ـ يىلى 4 ـ ئۆكتەبىر، ئونسۇ



# مەن، سەن

مەن ــ مەنزىلگە ئېتىلغان بىر ئوق،
سەن ــ مىسالى كۈمۈش رەڭ ساداق.
مەن ــ ساھىلدا ئۇچۇۋاتقان قۇش،
سەن ــ ئازادە ياسالغان قونداق.

مەن ــ قاينامدا ئۈزگەن شوخ بېلىق،
سەن ــ دولقۇنلاپ تۇرغان كۆك دېڭىز.
مەن ــ سەھەردە باشاق تەرگۈچى،
سەن ــ بىپايان كەتكەن كەڭ ئېڭىز.

مەن ــ تۈنلەردە سايرىغان بۇلبۇل،
سەن ــ ھۆپپىدە ئېچىلغان بىر گۈل.
مەن ــ دالادا يېگانە چوپان،
سەن ــ يېڭىدىن قوشۇلغان بىر تۆل.

مەن ــ ئەركىلەپ ئۇچقان كېپىنەك،
سەن ــ گۈلزاردا يۇمران تۆتقۇلاق.
مەن ــ سەپەردە تېنىگەن سەيياھ،
سەن ــ چۆلدىكى ئوقچۇغان بۇلاق.

مەن ــ يېقىملىق، جۇشقۇن مۇزىكا،
سەن ــ تارلىرى تەڭشەلگەن بىر ساز.

مەن ــ يېشىللىق كۆزنى چاقناتقان،
سەن ــ دىللارنى سۆيۈندۈرگەن ياز.

مەن ــ ئىشقىڭدا ئۆرتەنگەن تاھىر،
سەن ــ خىيالدا ئولتۇرغان زۆھرە.
بارلىقىمنى ئاتىدىم ساڭا،
پاك سۆيگۈمدىن تۇتىمەن قەترە.

2013 ـ يىلى 5 ـ ئۆكتەبىر، ئونسۇ



# ئىشىكىم ئالدىدا تۇرار ئەتىرگۈل

ئىشىكىم ئالدىدا تۇرار ئەتىرگۈل،
بەرگىدە چاقنايدۇ قۇياش جىلۋىسى.
كىملەردۇر تاماشا قىلىدۇ رەت ـ رەت،
ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ خۇشخۇي كۈلكىسى.

روجەكتىن خىيالچان باقىمەن كۆككە،
ھەر تۈندە بۇلبۇللار ئۇنلىسە خەندان.
يالغۇزلۇق ھۇۋلىغان غېرىب كۈلبەمدە،
مۇزلىغان قەلبىمنى ئۆرتەيدۇ پىغان.

كۆنسەممۇ تەقدىرنىڭ چاقچاقلىرىغا،
كۆنمىدىم يېگانە ياشاشقا بۇنداق.
ئالەمدە مەۋجۇدات ئۆز جۈپتى بىلەن،
بىلمىدىم، ھاياتنىڭ سىرلىرى قانداق؟

ئىشىكىم ئالدىدا تۇرار ئەتىرگۈل،
پۇرىقى گۈپۈلدەپ كېلەر ھېلىمۇ.
شۇ گۈلگە ئەڭ يېقىن تۇرىمەن كۈندە،
ئۇنتۇپلا كەتمىگىن دۇنيا، مېنىمۇ.

2013 ـ يىلى 2 ـ ئۆكتەبىر، ئۈنسۇ

# دېرىزەڭنى چېكىپ باققۇم بار

دېرىزەڭنى چېكىپ باققۇم بار،
ساڭا سۆيگۈ چېچىپ باققۇم بار.
سىرلىق قەلبىڭ قۇلۇپلىرىنى،
مېھرىم بىلەن ئېچىپ باققۇم بار.

دېرىزەڭنى چېكىپ باققۇم بار،
گەر ئاچمىساڭ چىقىپ باققۇم بار.
قوغلاپ چىقسا كەينىمدىن ئاناڭ،
تۇتۇق بەرمەي قېچىپ باققۇم بار.

دېرىزەڭنى چېكىپ باققۇم بار،
چىرايىڭغا بېقىپ باققۇم بار.
ئوتلىرىڭدا قوقاستەك كۆيۈپ،
سۇلىرىڭدا ئېقىپ باققۇم بار.

دېرىزەڭنى چېكىپ باققۇم بار،
ئۆگزەڭگە تاش ئېتىپ باققۇم بار.
ئوغرىلىقچە كىرىپ ھۇجراڭغا،
چايلىرىڭنى تېتىپ باققۇم بار.

دېرىزەڭنى چېكىپ باققۇم بار،
ساڭا يۈرەك يېقىپ باققۇم بار.

سېنىڭ بىلەن ياشاپ بىر ئۆمۈر،
بۇ ئالەمدىن كېتىپ باققۇم بار.

2013 ـ يىلى 17 ـ سېنتەبىر، ئۈنسۇ تۇمشۇق



# مۇڭلانما يۈرىكىم

مۇڭلانما يۈرىكىم، مۇڭلانما،
قارا قىش تۇتىشار كۆكلەمگە.
بولمىسا تولۇن ئاي، يۇلتۇز بار،
ۋاقىتسىز پاتمىغىن ئەلەمگە.

خودۇقما قورقۇشتىن تەمتىرەپ،
خۇۋقۇشلار خۇۋلىسا كېچىدە.
قارلارغا چۇمكەلگەن چوققىدا،
لەيلىگۈل ئېچىلار خۇپپىدە.

گەر ئاچچىق بولسىمۇ دەرد ـ ئازاب،
كۆلكىگە ياندىشىپ ماڭىدۇ.
قوينى كەڭ ئەزەلدىن ھاياتنىڭ،
سۆيگەنگە باغرىنى تاڭىدۇ.

مۇڭلانما يۈرىكىم، مۇڭلانما،
جىسمىڭنى قاپلىسۇن غەيۇرلۇق.
گۈپۈلدەپ سوقۇپ ئۆت بىر ئۆمۈر،
ئەۋلادقا تارالسۇن ئۇلۇغلۇق.

2013 ـ يىلى 5 ـ ئۆكتەبىر، ئونسۇ

# كەل ئامرىقىم، بىرى كەل تېزرەك

بىز تونۇشقان شۇ ۋاقىتلاردا،
خۇشال بولغان قونغاندەك ھۇما.
چۆمۈلگەنتىم شېرىن ھېسلارغا،
غايىب بولدۇڭ، يۈلتۇزدەك ئەمما.

ھىجران دېگەن بولار شۇنچىلىك،
ئاخىرلىشار دوقالمۇ ھامان.
شاماللاردىن سورىدىم ھەر تاڭ،
سېغىنىشتا قاراپ سەن تامان.

كەل ئامرىقىم، بىرى كەل تېزرەك،
يىرىلمىسۇن چاڭقاق قەلبلەر.
سۆيگۈمىزنىڭ شاھىتى بولسۇن،
ۋىسال قۇچقان شۇ گۈزەل دەملەر.

مۇھەببەتنىڭ روجەكلىرىگە،
مېھرىمىزدىن ئاسايلى بىزەك.
ساداقەتتىن يازايلى داستان،
باشقىلارمۇ ياشىسۇن بىزدەك.

2013 ـ يىلى 2 ـ ئۆكتەبىر، ئونسۇ

# ئىشىكىڭدىن سىرتقا چىقىپ باق

ئولتۇرىسەن ھەر كۈنى شۇنداق،
دېرىزەڭنىڭ تۈۋىدە تەنھا.
كۆلۈمسىرەپ تۇرساڭمۇ گەرچە،
ئازابلىرىڭ بالقىيدۇ، ئەمما.

ئاپپاق سۈتتەك يۇمران قەلبىڭگە،
كىمدۇر بىرى ئازار بەردىمۇ؟
پاك سۆيگۈڭنى خازان ئەيلىگەن،
قەدىرسىزدىن كۆڭلۈڭ بەزدىمۇ؟

ھايات دېگەن ئەمەس ياش تۆكۈش،
ھەر تاڭلىرى نۇرغا چۆمۈلگەن.
زومچەك ـ زومچەك قەبرىلەر ئارا،
مۇھەببەتلىك كەچمىش كۆمۈلگەن.

ئىشىكىڭدىن سىرتقا چىقىپ باق،
يۇراپ ئالغىن گۈللەر ھىدىنى.
قاتار كەتكەن قويۇق ئورماندىن،
ئاڭلاپ ئۆتكىن قۇشلار ئۈنىنى.

يوللىرىڭدا ئۆكسۈمە قايتا،
قۇياش كۈلۈپ باقىدۇ ساڭا.

ئىزتىراپلار تۇتاش كۆلكىگە،
تىكىنى بار گۈلنىڭمۇ، شۇڭا.

تاپالايسەن گۈزەل ئەتىنى،
قوينى تاغدەك كەڭرى ئالەم بۇ.
جۈپتى بىلەن كۈلۈپ ياشىسا،
ئىنسان ئۈچۈن بەخت دېگەن شۇ.

2013 ـ يىلى 5 ـ ئۆكتەبىر، ئونسۇ



# قۇياش قەسىدىسى

سەن ئالەمنىڭ بېزىكى، كۆزى،
نۇرلىرىڭدىن يورۇيدۇ جاھان.
كۆيدۇرىسەن قۇترىغانلارنى،
غەزىپىڭدىن قاچىدۇ تۇمان.

سېنىڭ بىلەن جۇلا قىلىشار،
ئېتىزلاردا ئالتۇن باشاقلار.
ھىممىتىڭدىن كۆڭۈل سۆيۈنۈپ،
توقۇلىدۇ ناخشا ـ قوشاقلار.

ھاردۇق يەتمەس ساڭا قىلچىمۇ،
مۇئەللەقتە تۇرساڭ ئېسىلىپ.
مۇلايىملىق بىلەن ئەزەلدىن،
كەلدىڭ شۇنداق يالتىراپ، يېنىپ.

ئۇلىشىدۇ كۆكلەم ـ باھارغا
سېنىڭ بىلەن قەھرىتان، ئاياز.
ماغدۇر تېپىپ قۇشلار قانىتى،
كەڭ سامادا قىلىشار پەرۋاز.

مەنزىللەردە تۇتۇشۇپ قوللار،
يۇگۇرەيلى قۇياش كەينىدىن.

قالسۇن بىزدىن گۈزەل ھېكايە،
چىلان رەڭلىك زېمىن تىلىدىن.

2013 ـ يىلى 5 ـ ئۆكتەبىر، ئونسۇ



# مۇھەببەتتىن كېچەلمىدىم ھېچ

كۆرەڭ ياشاپ ئۆتتۇم ئەزەلدىن،
ئەمەللەرگە قىسمىدىم بويۇن.
ھەقىقەتتىن تانمىدىم زىنھار،
يوللىرىمدا چىقسىمۇ قويۇن.

رايىشلارغا ھەمراھ قەدىمىم،
قۇترىغانغا بولۇپ كەلدىم پېچ.
يۈرىكىمدە يالقۇنلۇق ئوت بار،
مۇھەببەتتىن كېچەلمىدىم ھېچ.

مۇھەببەت دەپ ياشىدىم شۇنداق،
ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلەرگە.
ئىزلىرىمدىن ئېچىلىپ چېچەك،
تولۇپ باردى گۈزەل دەملەرگە.

ماڭماقتىمەن مەنزىلىم تامان،
غۇرۇرۇمدىن قۇرۇپ سەلتەنەت.
بولسىمۇ گەر توپان بالاسى،
مەن يەنىلا دەيمەن: «مۇھەببەت!»

2013 - يىلى 4 - ئۆكتەبىر، ئۇنسۇ

# مەن سۆيەي سىنى شۇندا جىنىم بىلەن

ئىپپىتىڭ ھالاللىقتا تىنىپ تۇرسا،
پەزلىڭدىن شام ـ چىراغلار يېنىپ تۇرسا،
بارلىقىڭ ئېتىقادقا قېنىپ تۇرسا،
مەن سۆيەي سىنى شۇندا جىنىم بىلەن.

نۇزۇكتەك مۇدھىشلاردىن قاچالىساڭ،
ياۋغا ئوت، قانلىق كۇرەش ئاچالىساڭ،
ئاۋامغا خۇش پۇراقلار چاچالىساڭ،
مەن سۆيەي سىنى شۇندا جىنىم بىلەن.

سۆيگۈدىن تۇلپارلىرىڭ ئۈركۈمىسە،
چېھرىڭنى قارا بۇلۇت چۇمكىمىسە،
مېھىردىن بۇلاقلىرىڭ ئۆكسۈمىسە،
مەن سۆيەي سىنى شۇندا جىنىم بىلەن.

كۆكلەمگە، نۇرغا تولسا ھەربىر پەسلىڭ،
رەڭلەردىن يىراق تۇرسا گۈزەل ئەسلىڭ.
يۈرەككە داۋا بولسا دىدار ـ ۋەسلىڭ،
مەن سۆيەي سىنى شۇندا جىنىم بىلەن.

ھاياتتا مېنى چەكسىز سۆيەلىسەڭ،
جۇتلاردا قاتارلىشىپ يۈرەلىسەڭ،
قاينامدا قول تۇتۇشۇپ ئۈزەلىسەڭ،
مەن سۆيەي سېنى شۇندا جېنىم بىلەن.

2013 ـ يىلى 20 ـ سېنتەبىر، ئونسۇ



# ئايالىمنىڭ ئوتتۇز سەككىز يېشىغا

ساداقىتىڭ، مېھرىڭ بىلەن توختىماي،
شەربەت سۇندۇڭ، قاداق باسقان قوللاردا.
جاسارىتىم ئاشتى شۇنچە ھەسسىلەپ،
ئاساۋ ئاتتەك چاپچىپ تۇردۇم يوللاردا.

ئەقىل ـ ئىدراك، پاراسەتكە تويۇندى،
پەرۋىشىڭدىن بىر جۈپ ئوغۇل ـ قىزىمىز.
خۇشاللىقا، نۇسرەتلەرگە چۆمۈلدى،
مەنزىللەردە ماڭغان ھەربىر ئىزىمىز.

ئاشۇ ئوماق كۈلكەڭ بىلەن ۋىلىقلاپ،
ھەمجور بولدۇڭ ئوتتۇز سەككىز باھارغا.
ھەمدۇسانا ئېيتاي ساڭا سەھەردە،
كۆز تەگمىسۇن بوينۇڭدىكى تۇمارغا.

كۆڭۈللەردە قالار يەنە نە ئارمان،
يۇلتۇزلاردەك چاقناپ ئۆتسەڭ تۈنلەردە؟
مۇھەببەتتىن قالسۇن گۈزەل رىۋايەت،
سېنىڭ بىلەن ياشاپ ئۆتكەن كۈنلەردە.

2013 ـ يىلى 5 ـ ئۆكتەبىر، ئۇنسۇ

# پوشكىنغا خەت

تۇرامسەن جەننەتتە ھېلىمۇ ئېسەن،
مۇھەببەت تۇمارى يېنىڭدا بارمۇ؟
ھېسلىرىڭ تۇلپاردەك ئۇرغۇيتتى چاپچىپ،
لەھەتلەر سەن ئۇچۇن شۇنچىلىك تارمۇ؟

دانتىسقا ئاداۋەت ساقلىما ئەمدى،
قەلبىڭنى ئۇنچىلا مۇڭلىمىسۇن غەم.
بىر مۇنار تىكلىدىڭ ساداقىتىڭدىن،
پۇشايمان يېمىگىن، يوقالسۇن ئەلەم.

بەلكىم بۇ تەقدىرنىڭ چاقچاقلىرىدۇر،
ھەممىگە كۇلۇپلا قويغۇلۇق بەزەن.
ھاياتتا دوقاللار بولاركەن شۇنداق،
ھاجەتسىز، ئۇنچىلىك قىلمىغىن ئېرەن.

تىلىگىن خۇشاللىق، گونچارىۋاغا،
ياش تۆكمەي يېڭىدىن بەختىنى تاپسۇن.
ھېلىمۇ ئۇ سېنى سۆيىدۇ بەلكىم،
سېغىنسا قەبرەڭگە گۇللەرنى ياپسۇن.

ياشىدىڭ شۈنچىلىك مەغرۇر، گىگانت،
دۇئېلدىن تارالدى گۈزەل رىۋايەت.
تارقىلىپ ئىقلىمغا قوشلار تىلىدا،
يادلىنار دىللاردا مەڭگۈگە ئەبەد.

2013 ـ يىلى 17 ـ سېنتەبىر، ئونسۇ



# شېئىرلىرىمغا ئىنقىلما

مەن ئۈچۈن شېئىر يېزىش ۋىجدان ئىشى،
ھەر قۇردا يالتىرايدۇ غۇرۇر، ئىمان.
ھەقنى دەپ يورغىلايدۇ ئالتۇن قەلەم،
ئىجادىم ئەلگە ياقسا مەن شادىمان.

دەۋرنىڭ رەڭۋازلىقى كېرەك ئەمەس،
رىتىمداش ئەلنىڭ يۈرەك تېۋىشىغا.
مىسرالار خەلقىم ئۈچۈن ئوتلۇق مەدەت،
دوقالدا ئات چاپتۇرۇپ مېڭىشىغا.

كالېندار ۋاراقلىرى ناتونۇشتۇر،
ئىلھامىم ئەل ئىشقىدا قايناپ تاشار.
ئوردىدا غەزەلخانلار رەقىب ئەمەس،
بەيگىدە تۇلپارلىرىم داۋان ئاشار.

ئۆزلۈكنى غىدىقلايدۇ مىسرالىرىم،
تەكتىگە يوشۇرۇنغان گۈزەل ھېكمەت.
ھەر سۆزدە ئەجدادىمنىڭ تامغىسى بار،
شېئىردىن قۇرۇپ چىقتىم ئۇل ـ سەلتەنەت.

تىزغاندا ئىجادىمدىن گۈلدەستىلەر،
سۈنىمەن ھۆرمەت بىلەن ئەل ـ ئاۋامغا.
قىيامەت تاكى نەپسىم ئۈزۈلگىچە،
چاقنايمەن قۇياش كەبى باياۋانغا.

2013 ـ يىلى 6 ـ ئۆكتەبىر، ئۈنسۈ



## بۇگۈن كىچە سىنى سېغىندىم

كونا ئالبوم تۇرار قولۇمدا،
سۈرەتلەرگە قارىدىم تەكرار.
ھەممە بەتتە سىنىڭ سىمايىڭ،
تۇرۇشلىرىڭ شۇنچە بىغۇبار.

قىلىقلىرىڭ كەلدى ئېسىمگە،
ھاياجانلىق ۋىلىقلاشلىرىڭ.
باراقسانلىق پىنھان يوللاردا،
تارتىنىشتا شىۋىرلاشلىرىڭ.

تۈگىمەيتتى پاراڭلىرىمىز،
تالىشاتتۇق ھايات ھەققىدە.
ئەزگۈلۈكنى تىلەشكەن ئىدۇق،
ئارمان بىلەن دوستلار بەختىگە.

ئەپسۇس، تەقدىر قىلدىمۇ چاقچاق،
ئۇچۇپ كەتتى سۆيگۈ كەپتىرىڭ.
چامادانىدا تۇرىدۇ رەت ـ رەت،
سىنىڭ يازغان پۇتۇك ـ خەتلىرىڭ.

ئاي مارايدۇ روجەكلىرىمدە،
بۈگۈن كېچە سېنى سېغىندىم.
شېئىر يازدىم سېغىنچىم بىلەن،
مىسرالاردا سېنى كۈيلىدىم.

2013 - يىلى 20 - سېنتەبىر، تۈمشۇق



**图书在版编目（CIP）数据**

光与影：维吾尔文/阿布都拉·艾力著．—2版
—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2013.11
ISBN 978-7-5515-4326-2

Ⅰ.①光… Ⅱ.①阿… Ⅲ.①诗集—中国—当代
—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I 227

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2013）第 224503 号

责任编辑：**卡米拉·热合曼**
**再力帕·吾斯曼**
责任校对：**依巴达提·亚森**
封面设计：**阿里甫·夏**

**光与影**（维吾尔文）
（诗歌集）
**阿布都拉·艾力** 著

---

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市北京北路 29 号 邮编：830012）
E-mail: xjyashlar@126.com
新疆新华书店发行
乌鲁木齐大路印务有限公司印刷
880×1230 毫米 32 开本 5 印张
2014 年 1 月第 1 版 2014 年 1 月第 1 次印刷
印数：1—2000

---

ISBN 978-7-5515-4326-2 定价：15.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جۇلانى



# نۇر ۋە سايە

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ISBN 978-7-5515-4326-2

9 787551 543262 >

باھاسى: 15.00 يۈەن